
# شەرقى تۈركىستان ئاۋازى




Vakıf Başkanı Em.Gn.M.Rıza BEKİN Sempozyum'a katılan MHP Genel Başkanı Alparslan TÜRKEŞ ile.



A[illegible]lan TÜRKEŞ



Em.Korg Bahattin ARIKAN



Prof.Dr.Nevzat YALÇINTAŞ



Prof.Dr.Kemal KARPAT

## مۇندەرىجە


غايىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىدۇر ( باشماقالا ) ........ 3

2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىلمىي ........
مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش دوكلادى...... گېنېرال م . رىزا بەكىن ........ 5

شەرقىي تۈركىستان چوقۇم قۇتۇلىدۇ...... ئالپ ئارسلان تۈركەش ........ 9

مەرھەمەت تىلەپ ئىستىقلال ئالغىلى بولمايدۇ.... مۇزەپپەر ئۆزتاغ ........ 12

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى سۈمۈرمەكتە......... ئايدىن بولاق ........ 13

خىتاينىڭ پارچىلىنىشى مۇقەررەردۇر ........ ئەخەت ئەندىجان ........ 13

دۇنيا سېرىق ئەجدەرھانىڭ تەھلىكىسىدە........ ئورخون قاۋۇنچۇ........ 14

ئىسلام دۇنياسى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللىشى شەرت
........ ئايقۇت ئەدەبالى ........ 15

دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى سىلەرنى قوللايدۇ.... ھافىز م . ماھمۇد........ 15

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدە مۇزاكىرە
قىلىنىشى كېرەك.... كامىل شەرىف ........ 16

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تۈرك دۆلەتلىرى ئالىي يىغىنىدا مۇزاكىرە
قىلىنىشى كېرەك........ نەۋزات يالچىنتاش ........ 17

خىتاي ئاخىرى ئۈستەلدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر.... تۇران يازغان ........ 18

خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى... ئىسمايىل چىنگىز........ 19

نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر كۈلتۈرى دەيمىز؟ ...... ئوسمان فىكرى سەرتقايا........ 24

تۈركىيە بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىكى ئەدەبىي ئالاقىلىرى......
........ ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر........ 29

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن تەبرىك تېلېگراممىلىرى........ 33

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلادى... م . رىزا بەكىن ........ 36

ئايدىنلىق ژۇرنىلىغا جاۋاب ...... ۋەقپ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى........ 39

ئۆمرۈمنى شەرقىي تۈركىستانغا بېغىشلايمەن.... ئارىف ئاشچى........ 44

شەرقىي تۈركىستان تارىخى........ مەھمەت ئەمىن بۇغرا........ 45

ئۇيغۇرلار 1233 ـ يىلىدىن بۇيان ئامېرىكادا... ئەشرەپ بەنگى ئۆزبىلەن........ 52

ھۈسەيىن سالىھ تارانچى خاتىرىلەندى........ 53

غەيرەتۇللاھنىڭ تاغىسى ۋاپات بولدى............ 53
ئابدۇلغافۇر ئەمىن قەشقەرى ھاجىم جىددە دە ۋاپات بولدى.............. 54
ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن خاتىرىلەندى.................... 57
شەيخۇلمۇھەررىر قاباقلىغا ۋەقىپ تەقدىمنامەسى.................. 57
شەرقى تۈركىستانغا ھۆررىيەت ـ ئىمزا كامپانىيىسى.................. 58
ئەنقەرەدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يىغنى ئېچىلدى.................. 58
دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى........................ 59
شېئىرلار : سۇلتان ماھمۇت قەشقەرى، ز . ئۇيغۇر، ن . زۇلپىقار،
ئابدۇشۈكۈر تەۋفىق، مەمەت ئىمىن پوسما.................... 60


## شەرقى تۈركىستان ئاۋازى

( پەسىللىك ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت ژورنىلى )

تۈركىيە شەرقى تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن چىقىرىلدى

ـــ 1996 ـ يىل 49 ـ 50 ـ سان ـــ

قۇرغۇچىسى: ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن

ئىمتىياز ساھىپى: مەھمەت رىزا بەكىن

يېزىقچىلىق مۇدىرى: ھامىت گۆكتۈرك

مەسئۇل مۇھەررىر: دوچانت ئا . باقى



تەھرىر ھەيئەتلەر:

پىروفىسوردوكتور مەھمەت ساراي

دوكتور مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا

پىروفىسوردوكتورماھمۇت قاشقارلى

ھامىت گۆكتۈرك، پ . تەكۈرتاغلى

دوچانت ئابدۇلھەكىم باقى ئىلتەبىر



تېلېفون : 5216002 ( 0212 )

فاكس : 5348067 ( 0212 )

ئادرىس: مىللەت جاددەسى كۆچۈك ساراي ئاپارتمان 34270 ـــ 3 ـ 26 يۇسۇپ پاشا . ئاقساراي. ئىستانبۇل



مۇشتەرى ھەققى : 600 مىڭ لىرا

يۇرت تىشى: 30 دوللار(45 مارك)

بانكا ھىساپ : ئاق بانكا ئىستانبۇل يۇسۇپ پاشاشۆبە DHM 601 ـ 832

ھەسرەت باسما زاۋۇدىدا بىسىلدى.


ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ماقالىلار نىڭ مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس. ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ بېسىش ، ۋە پايدىلىنىش قارشى ئېلىنىدۇ.

# غايىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىدۇر

## باشماقالا

1997 ـ يىلىغا يەنە مەيۈس ، ئەمما يېڭى ئۈمىتلەر بىلەن كىرىۋاتىمىز . يېڭى يىلغا كىرگەندە ئۆتكەن يىلىنىڭ ھېسابىنى ، باھاسىنى چىقىرىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى.

1996 ـ يىل شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلال كۈرىشىنىڭ كەلگۈسىگە باغلىق ۋاقەلىرىگە ھامىلە بولغان دەۋر سۈپىتىدە تارىخقا يېزىلدى.

بېجىڭ ، موسكۋا ، ئالمائاتا ، بەشكەك مەركەزلىرىنىڭ شاڭخەيدە ئىمزالىغان ئورتاق مۇداپىئە، چېگرا بىخەتەرلىكى، جىنايەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇش شەرتنامىسى شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن بەكمۇ پايدىسىز بىر ئىش بولدى. بۇ شەرتنامىنىڭ ئارقىدىنلا ، خىتايدا 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ يۈز كۈنلۈك تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ ، 16 مىڭ قېرىنداشىمىزنىڭ ھەر خىل باھانىلار بىلەن ، ئەكسىلئىنقىلاپچى، فانئىسلامىست، فانتۈركىست جىنايىتى بىلەن قارىلىنىپ قولغا ئېلىنىشى، شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆپ يېرىدە داۋام قىلىۋاتقان جىددى ھالەتنىڭ كېڭەيتىلىشى شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن پايدىسىز بىر ۋەزىيەت بولۇپ تارىخقا يېزىلدى.

6 ـ ئاي ئىچىدە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 15 كۈن داۋام قىلغان بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق خابىتات قۇرۇلتىيىغا ، قېرىنداش تەشكىلاتىمىز شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيتىنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن ۋەكىل بولۇپ قاتنىششى، بۇ قۇرۇلتاي مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەگە كەلگەن 25 مىڭ چەتئەل ئۆمەكلىرىگە شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ ئاڭلىتىلىشى ـ يۇرت تىشىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھۆرريەت كۆرىشىمىزنىڭ ئالاھىدە مۇھىم ۋە خوشاللىنارلىق بىر ۋاقەسى بولۇپ قالدى.

ئۇندىن باشقا مۇھىم ۋە خوشاللىنارلىق ۋاقەلەر بولسا، نارازىلىقلىرىمىز ۋە خەلقارا بېسىم نەتىجىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندا 32 يىلدىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان 250 مىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە ئون مىڭلارچە كىشىنىڭ مەجرۇھ بولۇشىغا سەۋەپچى بولغان ئاتوم سىناقلىرىنى ۋاقتىلىق بولسىمۇ توختاتقانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۈمىت قىلىمىزكى ، ئۇلار سۆزىدە تۇرار ۋە ئىنسانلىق جىنايەتلىرىگە خاتىمە بېرەر .

ئۈچىنچى خوشاللىنارلىق ئىش، 1988 ـ يىلى ئېچىلغان شەرقى تۈركىستان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 2 ـ قېتىملىقىنىڭ ئېچىلىشى بولدى. ۋەقپىمىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئازاربەيجان، ئۆزبەكىستان ۋە ئىئوردانىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەسمى مۇئامىلە قىلىشى ۋە بولۇپمۇ، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى باشلىقى ئالپ ئارسلان تۈركەش، مىللەت پارتىيىسى باشلىقى ئايقۇت ئەدەبالى، سابىق ژاندارما باش قۇماندانى گېنىرال ئادنان دوغۇ، ئىئوردانىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى ۋە ئىسلام ئالى كېڭىشىنىڭ باشلىقى كامىل شەرىف ھەمدە دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ باش سكرېتار ياردەمچىسى ھافىز مۇھەممەد ماھمۇد لارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشى بىزنى شەرەپلەندۈردى. ئۇلارنىڭ تەبرىك سۆزلىرى ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىندى. ئىلمىي ماقالىلار كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ .

ئۆكتەبىردە ئېچىلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كېيىن خىتاي تەرەپدارى بولغان ئايدىنلىق گېزىتىنىڭ ، بىچارىلەرنىڭ پەرىيادىغا پەرۋا قىلماي، ئېلان قىلغان خىتايىنى قوللايدىغان ماھىيەتتىكى ماقالىسى بىزنى ئەجەپلەندۈردى، بۇ ھەقتە سوتسىيالىستىك ئىشچى پارتىيىسى باشلىقى دوغۇ پېرىنچەككە يېزىلغان جاۋاپ ماقالىمىز بۇ ژورنالدا بار .

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كېيىن، شەرقى تۈركىستان داۋاسى نۇقتىسىدىن بەكمۇ مۇھىم ۋە بىرلىكىمىزنى نامايەن قىلىدىغان بىر بەلگە ـ ھۆر دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئىمزالاندى. بۇ تارىخى خاتىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە كەلگۈسى كۈنلەردە تەپسىلى ئاخبارات بېرىمىز.

بۇ ئاردا 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قەيسەرىدە بىر پارتىيە تەرىپىدىن « خىتاي ئىشغالىيىتى توختىتىلسۇن ! شەرقى تۈركىستانغا ھۆرىيەت ! » شۇئاردا پۈتۈن تۈركىيە بويىچە ئىمزا توپلاش ھەرىكىتى باشلاندى. 5 مىليون ئىمزا توپلىنىدىغان بۇ ھەرىكەتكە بارلىق كىتاپخانلىرىمىز، دوستلىرىمىز ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ قاتنىشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

كۆرگىنىمىزدەك، شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئىستىقلال داۋاسى 1996 ـ يىلى مۇھىم ۋاقەلەرگە سەھنە بولدى. شۇنى تەكىتلەيمىزكى، شەرقى تۈركىستان ۋەقپى بىلەن بىللە

( داۋامى 8 ـ بەتتە )

# 2 ـ قىتمىلىق خەلقارا
# شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىش دوكلادى

گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن

( تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى )

بۈگۈن پۈتۈن ئىنسانلىق ئالىمىنىڭ ۋىجدانىغا، پاراستىگە ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلىنى ـ ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋالنى سۇنىۋاتىمىز. تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم ۋە ئەستايىدىل كۆكۈل بۆلۈشى ھەمدە چۈشۈنىشى زۆرۈر بولغان بىر دۆلەتنى ـ شەرقى تۈركىستاننى ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان قان ۋە دىن قېرىنداشلىرىمىزنى خاتىرىلەش، مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەخسىدىدە، شەرقى تۈركىستان ۋەقپىمىز بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇردۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىشلىرىمىزغا ماددى ۋە مەنىۋى قوللاشلىرىنى سۇنغان تەشكىل ۋە شەخسلەرگە مىننەت ۋە شۈكرانلىرىمنى بىلدۈرىمەن.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تۈرك دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇ خاسىيەتلىك يەردە ئېچىشنىڭ خوشاللىقى ئىچىدە، بىزگە بۇ ئىمكاننى يارىتىپ بەرگەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىگىنىڭ، ئاتا تۈرك كۈلتۈر مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرىغا، ئۇندىن باشقا كىيىنكى ئىككى كۈنلۈك يىغىنىمىز ئۈچۈن جەمال رەشت بەگ يىغىن زالىنى ئايرىپ بەرگەن بۈيۈك شەھەر باشلىقى ھۆرمەتلىك رەجەپ تايىپ ئەردوغان ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى ئىدارە باشلىقى شىنول دەمىرۆز ئەفەندىلەرگە تەشەككۈرلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز.

داۋايىمىزنىڭ بۈيۈك مۇداپىئەچىسى مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى باشلىقى ھۆرمەتلىك ئالپ ئارسلان تۈركەش، مىللەت پارتىيىسى باشلىقى ھۆرمەتلىك ئايقۇت ئەدىبالى ئەفەندىلەر يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ بىزلەرگە شەۋق ۋە غورۇر بەردى. شەرقى تۈركىستاننى ۋە بۇ تۇپراقلاردا ھايات كۆرىشى بېرىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ مەزلۇم بىر تارىمىقىنىڭ ـ 30 مىليون دىن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەسىلىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ھەمدە يېقىندىن كۆكۈل بۆلىدىغان دۇنيا ئىسلام بىرلىگىنىڭ باش سېكرىتار ياردەمچىسى مۇھەممەد مەھمۇت ھافىز ۋە ئالىي ئىسلام كېڭىشىنىڭ باش سېكرىتارى دوكتۇر كامىل شەرىف ئەفەندىلەرنىڭ يىغىنىمىزغا قاتناشقانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىمىز.

قىممەتلىك مىنىستىرلىرىمىزگە، مىللەت ۋەكىللىرىمىزگە، شەھەر باشلىقلىرىغا، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىگە، دوكلات بېرىدىغان ۋە ھەر بىر مەيدان يىغىننى باشقۇرىدىغان قىممەتلىك ئالىملىرىمىزغا ، كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مېھمانلىرىمىزغا ، ھەمشەھەرلىرىمىزگە ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى دوستلىرىمىزغا قىممەتلىك ۋاقتلىرىنى ئايرىپ بىزنى شەرەپلەندۈرگەنلىگى ئۈچۈن شۈكرانلىرىمنى سۇنىمەن . خوش كەلدىڭلار مېھمانلار !

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تېمىسى بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قىممەتلىك بىلىم ئادەملىرى ۋە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئەتراپلىق بىر شەكىلدە تەقدىم قىلىنىدۇ . مەن پەقەت سىلەرگە خوش كەلدىڭلار دىيىش بىلەن بىللە، بۈگۈنكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئەۋرەنسەل ھوقوق دەۋرىدە، بەختسىز دۆلىتىمىز شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان دىن قېرىنداشلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

بۈگۈنكى دۇنيادا پۈتۈن قاتتىق رىجىملار بىر- بىردىن يۇمشاشقا باشلىدى، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ھۆررىيەتكە ئېتىۋار بېرىشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ تۇرىۋاتقان خىتاي ، ئارىدىن ئۇزۇن بىر زامان ئۆتكەن بولسىمۇ، شەرقى ۈركىستانغا يۈرگۈزىۋاتقان سىياسىتىدە ، بىر يۇمشاش كۆرسەتمەيلا قالماستىن ، ھەر ﺣﻞ يوللاردىن باسقىلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە . نەسلداشلىرىمىزنىڭ ھەق ۋە ھۆررىيىتىنى چەيلەش ۋە تارتىۋېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا

شەرقى تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى رەسمى ئىسمى « شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسقانۇنىدا « ئاپتونوم رايون » دەرىجىسىدە بولغان شەرقى تۈركىستانغا تونۇلغان ھەقلەرمۇ ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ. بۈگۈنكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى 1982 - يىلىدىكى خىتاي ئاساسقانۇنىنىمۇ چەيلەپ ، قانۇنىي بىر جىنايەت ئۆتكۈزمەكتە. خىتاي مىللى ئاساسقانۇنىنىڭ ئاپتونوم رايۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك 2 - ماددىسىدا: « ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش يىتەكچىلىگىدە، ئۆز ئەملى ئەھۋالىغا ئاساسەن، مىللى مەسىلىلىرىنى ۋە يەرلىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرىدۇ » دېيىلگەن. ئەپسۇسكى ئىجرا قىلىشتا ئۇنداق ئەمەس. شەرقى تۈركىستاندىكى ئاپتونوم رايون پۈتۈنلەي خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونترولىلىقىدا تۇرىۋاتىدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى، ھېچبىر مىللەت ، ئۆز يۇرتىدا « ئاز سانلىق »

نى قوبۇل قىلالمايدۇ. خىتاينىڭ سىياسى تەركىۋىدە بولۇپ قېلىش سەۋىۋىدىن ئاز سانلىق مۇئامىلىسىگە ئۇچراش ئېھتىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3 ـ ماددىسىدا: «ئاپتونۇم رايون باشقۇرۇش ئورگانلىرى بىلەن دۆلەت مەمۇرلىرى يەرلىك ئازسانلىق مىللەتتىن تەشكىللىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمران ئورگانلار ۋە باشقا ساھەلەردە ئىشلەيدىغان تۈرك نىسپىتى خىتايلارنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. يوقىرى مەرتىۋىگە تەيىنلەنگەن تۈرك ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇھىم مەسىلىلەردە ھەتتا بىرەر مالنى چەتئەلگە ئېكسپورت قىلىشقىمۇ قارار بېرىش ھوقوقى يوقتۇر.

6 ـ ماددىسىدا: «ئاپتونۇم رايون ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك خاراكتىردىكى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى پائالىيەتلەر، مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىق، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى مۇستەقىل ئېلىپ بېرىش ۋە گۈللەندۈرۈش ھوقوقى بولىدۇ» دېيىلگەن. ئەمما شەرقى تۈركستاندا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ روخستىنى ئالماي ۋە بېجىندىن سورىماستىن، يەرلىك ئورگانلارنىڭ ئۆزئالدىغا ھەرىكەت قىلىش ھەققى يوقلىقى ۋە مۇمكىن ئەمەسلىگى بىر ئەمەلىيەتتۇر. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش يىغىنلارغا شەرقى تۈركستاندىن بىلىم ئادەملىرىنىڭ قاتنىشالماسلىقى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاپتونۇم چۈشەنچىسىنىڭ يالغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بۇ مىساللارنى كۆپلەپ كۆرسىتىش مۇمكىن، بىز ھەممە ئىشتىن ئاۋال خىتاي ئاساسقانونىدا ۋە ئاپتونومىيە قانونىدا كۆرسىتىلگەن ئەمما ئىجرا قىلىنمىغان ھەقلەرنىڭ بېرىلىشىنى، ئىنسانچە ياشاشنى ئىستەيمىز. بۇ باسقۇچتا:

1. تۈرك ـ ئىسلام كىملىگىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش مەقسىدىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى،
2. داۋاملىشىۋاتقان خىتاي كۆچمەن كەلكۈنىنىڭ توختىتۇلۇشىنى،
3. ئاتوم سىناقلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىغا خاتىمە بېرىلىشىنى،
4. رەھىمسىزلەرچە ئىجرا قىلىنىۋاتقان تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى،
5. مەدەنىي كىملىك ۋە دىن ئۈستىدىكى بىسىملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنى،
6. ئەركىن سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقوقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىنى،
7. قانۇنسىز ئۆلۈم جازاسى، قىيىن ـ قىستاق ۋە تېرورچىلىققا خاتىمە بېرىلىشىنى،
8. شەرقى تۈركستاننىڭ مىللى بايلىقىدىن ئېلىنغان پايدىنىڭ ئېھتىمۇ كۆپ قىسمىنى

يەرلىككە قالدۇرۇشىنى،

9. ئاپتونوم رايون باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا ۋە ئىش يەرلىرىدە باراۋەر هوقۇقنىڭ بېرىلىشىنى ئىستەيمىز.

بۇ ئىنسانى، تەبىئى ۋە قانونى ھەقلىرىمىز بېرىلگىنىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمرانلىرى خەلقارا سەھنىدىكى ھۆرمەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ھالبۇكى، ئۆز ئاساسقانونلىرىدىمۇ «خىتاي بولمىغان باشقا مىللەتلەرگە تۈرلۈك بېسىم ۋە زۇلۇم سېلىش چەكلەنگەن».

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى شۇنى ياخشى بىلىشى لازىمكى، خىتاي ئاساسقانونىغا، ئىنسانى ھەق ۋە ھوقۇقلا، خەلقارا بەلگىلىمىلەرگە قارىماي مىللى ۋە دىنى كىملىككە قاراتقان بېسىملىرىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئەڭ مۇشكۈل ئەھۋالغا ئۆزى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شەرقى تۈركىستان يېقىن كۈنلەردە ئاسارەت زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قول ئاستىدا! ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ھوزۇر ۋە قېرىنداشلىق ئىچىدە بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا تىنچ باراۋەرلىكنى خالايدىكەن، ئادالەت ۋە ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت كۆرسىتىشى شەرت.

(بېشى 4 - بەتتە)

پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئورتاق غايىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىدۇر.

«ئاپتونومىيە سەپسەتىسى» نى تىلغا ئالغانلار، ئۆز گۇناھىنى يوشۇرماق ئۈچۈن «دۈشمىنىمىزدىنمۇ (خىتايدىنمۇ) بەك دۈشمەن» دەپ قېرىنداشلىرىنى ئەيىپلەپ تەربىيەسىزلىكىنى ئىپادىلىگەن نادانلار، غەپلەت ئىچىدە ئۇخلىغان ۋە ئۇلارغا ئالدانغان بىچارىلەر ھەم ئاللاھنىڭ ئالدىدا، ھەم تارىخنىڭ ئالدىدا قىلمىشىغا لايىق جازالىنىدۇ.

1997 - يىلدا بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە تېخىمۇ زور ئىشلار بىلەن ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىزغا ئىشىنىمىز.

# شەرقى تۈركىستان چوقۇم قۇتۇلىدۇ

ئالىپ ئارسلان تۈركەش
( مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسى باشلىقى )

شەرقى تۈركىستان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى شەرەپلەندۈرگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمانلار!

تارىخىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئانا قايىنىقى شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئۇ تۇپراقلاردا ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان 30 مىليون ئىنسانلىرىمىزنىڭ مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا تۈركلىگىنىڭمۇ ئاچچىق ئەمما رىئال مەسىلىسىدۇر. دېمەك بۇ تۇيغۇ بىلەن سۆزۈمنى باشلاشتىن ئاۋال، مۇنداق بىر كەڭ كۆلەملىك ۋە ئەھمىيەتلىك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ قىممەتلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى تەبرىكلەيمەن.

مۇھتەرەم مېھمانلار!

شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى بۇلتۇر ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقان قىممەتلىك ئىنسان مەرھۇم ئىسا يۈسۈف ئالپتېكىن ئارقىلىق 45 يىل بۇرۇن تۈركىيەنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئالدىغا قويۇلغان ۋە بۈگۈنگىچە تاشقى تۈركلەر داۋايىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئۇلۇغ داۋادۇر.

ھەممىمىز ئەڭ ياخشى بىلىمىزكى، شەرقى تۈركىستاننىڭ قىيىنچىلىقلىرى يالغۇز تۈركلۈكنىڭ ئەمەس، مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدۇر.

شۇ سەۋەپتىن بۇ داۋانىڭ سىرتىدا تۇرۇش يالغۇز مىللىتىمىزگە ۋە ۋىجدانىمىزغا قارشى بىر مەسئۇلىيەت بولۇپلا قالماي، ئەينى زاماندا ئىنسانلىق ئالىمىگە قارشى بىر ئۇۋاللىقتۇر.

ھەممىمىز ياخشى بىلىمىزكى، بۈگۈن شەرقى تۈركىستاندا « ئاپتونومىيە سىياستى » مەۋجۇت بولىشىغا قارىماي، ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلىنماقتا. شەرقى تۈركىستاندا ئالدى بىلەن، ئىنسان ھەقلىرى ئەۋرەنسەل باياننامىسىدا يەر ئالغان ماددىلارنىڭ ئىجرا

قىلىنىشىنى ۋە « ئاپتونومىيە سىياسىتى » دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماددىلارنىڭ ئىشقائاشۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتاي بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ ئورتاق مەنپەتلىرىنىڭ يېڭىدىن شەكىللىنىشى ئۆزلىگىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۈگۈن شەرقى تۈركىستانغا، خىتاينىڭ كۆرسىتىدىغان كەڭچىلىگى ۋە ئاكتىپلىقى بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ۋە ئىقتىساتىنىڭ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى تەمىنلەيدۇ. شەرقى تۈركىستان پۈتۈن رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن بىلىم، مەدەنىيەت، جەمىيەت، ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلەرنى كېڭەيتىسە، تۈركىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىش بىرلىگى ئالاقىلىرىمۇ ئارتىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ.

ھەردائىم مۇھىم ئىشارەت بەرگىنىمدەك، بىلىم، تېخنىكا مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى سائادەت سەۋىيىسىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، ھۆرىيەت ۋە ئىستىقلالنى مۇھاپىزە قىلىشتىمۇ ئەڭ قۇۋەتلىك، ئەڭ ساغلام شەرتلەرنى ھازىرلىيالايدۇ. شۇڭلاشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىدىكىلەر قول ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستان رايونىغا بىلىم ۋە تېخنىكا باشچىلىقىدا مەدەنىيەت، ساياھەت، ئېغىر سانائەت ساھەلىرىدە مەبلەغنى ئاشۇرۇشى ۋە ئىش ساھەلىرىدە ھوقوقتا باراۋەر بولۇشنى تەمىنلىشى لازىم.

شەرقى تۈركىستانغا قارىتىلغان، ھەر يىلى ئېشىپ داۋام قىلىۋاتقان ۋە جىنايەتچىلەرنى ئاساس قىلغان مەجبۇرى خىتاي كۆچمەن كۆچۈرۈش كەلكۈنىنى توختۇتۇش، ئاتوم يادرو سىناقلىرىنى توختۇتۇش، رەھىمسىزلىك بىلەن ئىجرا قىلىنىۋاتقان خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئەنگە ئالغان تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈشنى توختۇتۇش، ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ۋە زىيالىلارنىڭ چەتئەللەردە بولۇپمۇ تۈركىيەدە ئۆز ئارا مائارىپ، تەلىم - تەربىيە كۆرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش؛ ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ۋە رەسمىيەتلەردىكى بىيوگرات توسقۇنلۇقلارنى ئازايتىش قاتارلىق جەھەتلەردە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاكتىپلىقى ئەڭ چوڭ ئۈمىدىمىزدۇر.

رايوندىكى بەخت - سائادەت ۋە ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىگى رايون تېنچلىقىدا ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. شۇڭلاچقا چېچەنىستاندا، بوسنا - ھەرسەكتە، غەربى تىراكىيەدە، كەركۈكتە ۋە ئاۋغانىستاندا قېرىنداشلىرىمىزغا يۈرگۈزىلىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىملار تۈختىمىغىچە، بۇ رايوندىكى تېنچلىق ۋە ھوزۇرنىڭ ساقلىنىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمىغىنىدەك، شەرقى تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى قولىغا بېرىلمىگىنىچە بۇرايوندا

ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. شۇڭا شەرقى تۈركىستاندا بەزى تەرەپلەردە دىئالوگ ساقلانسا ، خىتاي بىلەن ئارىدىكى مەۋجۇت بولغان سوغۇقلۇقلارنىڭ يۇمشىشى مۇمكىن. بۇلار ئەمەلىيەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ياكى دۆلەت سىياستىدە چۈشەنمەسلىك پەيدا قىلىدىغان چۈشەنچىلەر ئەمەس. شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەل قىلماقچى بولغان ئىنسانىي ھەقلىرىنى ماۋزۇ ھالىتىدە تۆۋەندىكىدەك تەرىپلەيمەن :

– تۈرك ـ ئىسلام كىملىگى ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش مەقسىتىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ توختىتۇلىشى ،

– پەقەتلا شەرقى تۈركىستانغا قارىتىلغان ۋە كۆپچىلىكى جىنايەتچىلەردىن ئىبارەت خىتاي كۆچمەن كەلكۈنىنىڭ توختىتۇلىشى ،

– شەرقى تۈركىستاندا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئاتوم يادرو سىناقلىرى ۋە تەتقىقاتلىرىنىڭ توختىتۇلىشى ،

– ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋە رەھىمسىزلەرچە ئىجرا قىلىنىۋاتقان تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش سىياستىنىڭ بىكار قىلىنىشى،

– خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش، سايلاش، سايلىنىش ھوقوقىنىڭ بېرىلىشى،

– كېيىنكى يىللاردا كۆپىيىۋاتقان قانۇنسىز ئۆلۈم جازاسى ۋە تېروررىنىڭ يوق قىلىنىشى،

– شەرقى تۈركىستانىنىڭ ، مىللى بايلىقتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ ئەملى ھەققىنى ئېلىشى،

– مەدەنى كىملىك ۋە دىنى بىسىملارنىڭ بىكار قىلىنىشىغا ئوخشىغان ئەڭ ئاساسى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ بېرىلىشى ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشى، شەرقى تۈركىستان ـ خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تۈركىيە ـ خىتاي دوستلۇغىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشىنى ئۆزلىگىدىن ساقلىيالايدۇ.

خىتايدىكى ئىقتىسادى كېڭىيىش ۋە دۇنياغا تىجارەت يولى بىلەن ئېچىلىشىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە شەرقى تۈركىستانغا يۈرگۈزۈلىدىغان يېڭى بەلگىلىمىلەر بىر نۇقتىدىن ، دۇنيا نوپوسىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگەللىگەن بۇ مىللەتنىڭ ، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ ھۆرمەتكە ئېرىشىشى ۋە كەڭ كەڭ يەر ئېلىشىنى تەمىنلەيدۇ.

قىممەتلىك ۋەكىللەر !

ماۋزۇ ھالىتىدە كۆرسەتكەنلىرىم ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان چۈشەنچىلەر، شەرقى تۈركىستاندا ياشىغان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

ئەھۋالنى سىلەرگە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە ئۇتتۇرىغا قويغانلىرىمنىڭ ھەل قىلىنىشى ئوخشاش رايوندىكى تەقدىرى ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى چۈشەنمەسلىكلەرنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قەلبىمىزدە تەگداشسىز بولغان شەرقى تۈركىستان تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. بۇ رايوندىكى ئىنسانلارنىڭ خوشچىراي، بەخت - سائادەتلىك ئەتىگە ئېرىشىشى يالغۇز تۈركىيەنىڭ ئەمەس، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ ۋە ئىنسانلىرىنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدىدۇر.

ئەنە شۇ گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە، شەرقى تۈركىستان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تەشكىللىگەن شەرقى تۈركىستان ۋەقپى باشقۇرغۇچىلىرىنى تەبرىكلەيمەن. سۆزلىنىدىغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ شەرقى تۈركىستاننىڭ قۇتۇلۇشىدا رول ئوينايدىغان چۈشەنچىلەردىن تەركىپ تېپىشىنى ئۈمىت قىلغان ھالدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى شەرەپلەندۈرگەن مۇھتەرەم مېھمانلارنى سۆيگۈ بىلەن سالاملايمەن.

## مەرھەمەت تىلەپ ئىستىقلال ئالغىلى بولمايدۇ

مۇزەپپەر ئۇزتاغ

( سابىق مىللەت ۋەكىلى، مىللى بىرلىك كومىتتى ئەزاسى )

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولىسىڭىزمۇ ، كۈچىڭىز بولمىسا ھەققىڭىزنى ئالالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ھەقلىق بولماق بىلەن تەڭ كۈچلۈك بولىشىڭىز كېرەك. شەرقى تۈركىستاننىڭ قۇتۇلۇشى مەرھەمەت تىلەش بىلەن ھەل بولمايدۇ. بۇنى غالىپلارنىڭ ئىنساۋىغا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

دۆلەت بەزى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەمما ئېلان قىلىنمايدۇ. ۋاقىراپ - جاقىراشنىڭ مەنىسى يوق. شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى مۇستەقىل بولغان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەك. شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە كوممۇنىزىمنى ئاشقان سېرىق ئەجدەرھانىڭ تەھلىكىسىگە زەربە بېرىدۇ.

# 2 ـ قېتىملىق خەلقارا شەرقى تۈركىستان ئۆلىمى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئورتاق تېمىسى
# شەرقى تۈركىستان بۇگۈنىنىڭ ھەل قىلغۇچ نۇقتىسىدۇر

## خىتاي شەرقى تۈركىستاننى سۆمۈرمەكتە

ئايدىن بۇلاق

( تۈرك نېفىت ۋاقپى باشلىقى )

يىغىندا ئىككىنچى بولۇپ سۆزگە چىققان ئايدىن بۇلاق خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاننى مۇستەملىكە ئورنىدا قوللىنىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىپ شۇ سۆزلەرنى ئالاھىدە تەكىتلىدى : « مۇستەملىكىچىنىڭ مۇزاكىرە كىنىشكىسى يوق. ھازىر خىتاي شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىدە سۆھبەتكە ئولتۇرمايدۇ . خىتاي ھۆكۈمىتى ، ئۆزىدەك كۈچلۈك بىر كۈچ قارشى تۇرمىغىچە، ئۆز ئولجىسىنى سىزگە بەرمەيدۇ. خىتايدىكى تۈركىستان ئۈچۈن پۈتۈن تۈرك دۇنياسى بىلەن بىرلىكتە بولۇش شەرت. ھازىرقى تۈركىستان ئورنىغا « ئىدىئال تۈركىستان » قۇرۇلغۇسىدۇر. ئەسىر تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى پارچىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇش تەلىۋى كۈچىيىدۇ ۋە خىتاي ، بېشىنى كۆتەرگەن تۈركنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان كۈنى سىز بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭ باشقا تۈرلۈك يولى يوقتۇر. »

## خىتاينىڭ پارچىلىنىشى مۇقەررەردۇر

پىروفېسسور دوكتور ئەخەت ئەندىجان

( ئانا ۋەتەن پارتىيىسى مۇئاۋىن باشلىقى )

خىتاينىڭ مۇقەررەر پارچىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىستانبۇل مىللەت ۋەكىلى ئەخەت ئەندىجان سۆزىنى شۇنداق داۋاملاشتۇردى : « شەرقى تۈركىستان ئىچكى مۇستەملىكە ھالىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا . بۇ نۇقتىدا خىتايلارنى ئەلۋەتتە ئەيىپلەيمىز. ئەمما رامكا بەلگىلەشتە رېئالىست بولۇش لازىم. خىتاينىڭ سۆۋېتلەرگە ئوخشاشلىقى بار، خىتاينىڭ ئاساسى نوپۇسىنى چۆرىدىگەن ئىچكى مۇستەملىكىلەر مەركىزىنىڭ ئەتراپىدا

قاتمۇ ـ قات ئۇرالغان. بۇ خىتاينىڭ كىلەچىگى ئۈچۈن زور ھاڭ . خىتاينىڭ 13% لىك تەرەققىياتى بار . بۇ ، دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى تەرەققىيات. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىقتىسادى قارار مەركەزلىرىنى تارقىتىۋىتىپ، سىياسى كۈچىنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇردى. ئۇلار ھازىر ئىككى قارشىلىققا دۇچ كەلدى. ئىقتىسادى كۈچ بىر سىياسى كۈچكە مۇھتاج بولىدۇ. »

خىتايدا مەۋجۇت ئىقتىسادى يۈكسىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ ، ئاساسىقاتلامغا تارقالغان ئىقتىسادى كۈچنىڭ ، سىياسى كۈچ ۋە دىموگراتىك خەلق تەلەپلىرىنى تەڭلا مەيدانغا كەلتۈرگەنلىگىنى قەيت قىلغان ئەخەت ئەندىجان : « يېقىندا ، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر كىلەچەكتە، سوۋىتلەرگە ئوخشىغان بىر خىتاي پارچىلىنىشىنىڭ ئورتىغا چىقىدىغانلىقىغا، خىتاينىڭ تارقىلىدىغانلىقىغا ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا ئېرىشىدۇ» ، ـ دېدى.

## دۇنيا سىرىق ئەجدەرھانىڭ تەھلىكىسىدە

پىروفىسور دوكتور ئۇرخان قاۋۇنچۇ
( بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى مۇئاۋىن باشلىقى )

خىتاينىڭ نوپۇس كەلكۈنى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت سىلىۋاتقانلىقى، سىرىق ئەجدەرھانىڭ تەھدىدىگە قارشى شەرقى تۈركىستاننىڭ بىر قورغان ئىكەنلىگىنى تەكىتلىگەن ئۇرخان قاۋۇنچۇ : « شۇڭا تۈرك دۇنياسى، ياۋروپا ۋە ئامرىكا بىلەن بىللە بۇ سىرىق ئەجدەرھانىڭ تەھدىدىگە قارشى تەدبىر قوللىنىش لازىم. ئەگەر كېچىكسە، شەرقى تۈركىستاننىڭ بېشىدىكى زۇلۇم ، باشقا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىگىمۇ كېڭىيدۇ »ـ دېدى . خىتاي بىلەن دوستلۇققا تايىنىدىغان تاشقى دىپلوماتىيەگە قارشى چىققان قاۋۇنچۇ تۈرك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنى « تۈراقسىز دىپلوماتىيە ئېلىپ بارغان » لىقى بىلەن ئەيىپلىدى.

## ئىسلام دۇنياسى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى قوللىشى شەرت

ئايقۇت ئەدىبالى
( مىللەت پارتىيىسى باشلىقى )

« بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق كۆرىشىدە غەلىبە قىلىشىنىڭ ، ئاقكۆڭۈل خوشنىلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى قوللاشلىرىغا باغلىق ئىكەنلىگىنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك ، ـ دېدى ئايقۇت ئەدىبالى ، ـ مىللەتلەرنىڭ ئىستىقلالى، ئىنسانلارنىڭ ھۆررىيىتى بىزنىڭ پەلسەفەمىزدۇر. تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يالغۇز ئەسىر ۋە مەزلۇم دۆلىتى بولغان شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئىستىقلال داۋاسىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ ھەم دىنى، ھەم ۋىجدانى، ھەم ئىنسانى مەسئولىيەتتۇر. پارتىيىمىز ۋە گۇرۇپپىمىز ھەردائىم شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئارقىسىدا ۋە داۋاملىق بۇ داۋانىڭ خىزمىتىگە تەييارمىز. خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستانغا قاراتقان قىرغىنچىلىق مەقسىدىدىكى ئىمپىرىئالىستىك زۇلۇملىرى ئاياقلاشقانغا قەدەر كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىمىز ! »

## دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى سىلەرنى قوللايدۇ

ھافىز مۇھەممەت مەھمۇت
( دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتى باش سكرىتار ياردەمچىسى )

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .

ھۆرمەتلىك خانىملار ۋە ئەفەندىلەر،

ھۆرمەتلىك ئەر ـ ئايال قېرىنداشلىرىم ،

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ ۋە بەرىكاتۇ

مەن بۇ يىغىلىش ۋە شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ، تارىخ ئىلمي مۇھاكىمە يىغنى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەممىڭلارغا دۇنيا ئىسلام بىرلىگى تەشكىلاتىنىڭ باش رەئىسى دوكتور ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھ ئەلھۇزەيلىنىڭ قىممەتلىك سالامىنى تەقدىم قىلىمەن ۋە دۇنيا ئىسلام بىرلىگى تەشكىلاتى مەجلىسىنىڭ ئەزاسى ھەمدە شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ رەئىسى م . رىزا بەكىن ئۇستازىنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى مۇسۇلمان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ يىغىنىغا دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈر

بىلدۈرىمەن. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ قانۇنلۇق ھەق ۋە ھۆر - ئەركىنلىكىگە ھەمدە باياشات ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش يولىدىكى تەلەپلىرىگە ياردەملىشىش دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىمىزنى خۇرسەن قىلىدۇ.

ھازىر ئاسىيادا بولسۇن، ئافرىقىدا بولسۇن كۆپلىگەن مىللەتلەر ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئېرىشكەن بىر ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىپ، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سىلەرمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ھۆر، ئەركىن، مۇستەقىل ياشاشتىن ئىبارەت ئالىي ئارزۇيىڭلارغا يېقىندا يېتىسىلەر! ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ ھەسسە قوشقان ھەمدە شەرقى تۈركىستاننى تەرەققى قىلدۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىغان بۇ خەلقنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىشنى ئۈمىت قىلىمىز.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا بارلىق خانىم، ئەفەندىلەرگە، تەرجىمان قېرىنداشلىرىمغا، بۇ يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى م. رىزا بەكىنگە ھۆرمەت بىلەن سالامىمنى تەكرارلايمەن. رەھمەت سىلەرگە!

ئاللاھنىڭ خاتىرجەملىكى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە يار بولسۇن.

## شەرقى تۈركىستان داۋاسى
## پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدە مۇزاكىرە قىلىنىشى كېرەك

كامىل شەرىف

( دۇنيا ئىسلام ئالىي كېڭىشىنىڭ باش سېكرېتارى )

مەن 1961 - يىلى ئىيسا ئالىپتېكىن بىلەن كۆرۈشكەندە شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام دۆلەتلىرى يىغىنلىرىدا بولسۇن، ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن مەككىگە كەلگەن شەرقى تۈركىستانلىقلار بىلەن كۆرۈشكىنىمدە بولسۇن شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا بىۋاستە شاھىد بولۇش ئىمكانىغا ئىگە بولدۇم. باشقىلار ھەر تۈرلۈك مۇزاكىرىلەردە ماڭا، شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا خەلقارا قوللاشلارنىڭ ئازىيىشقا باشلىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشقان ئىدى. شەرقى تۈركىستان مۇھىم بىر ماۋزۇدۇر. مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلاردا، شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى كۈن تەرتىپكە قويۇلۇشى لازىم. ئىنچىل ھالدا، تەشۋىقات كىتاپلىرى ۋە

نەشرلەردە بۇ مەسلىنى ئاڭلىتىش ۋە بۇ داۋانى كۆتۈرۈپ چىقىش لازىم. ھەر دۇنيادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە تەشۋىقاتقا، مائارىپقا، مەدەنى پائالىيەتلەرگە، ساقلىق ۋە ئىقتىسادى مەسىلىلەرگە ياندىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا كوممۇنىستىك تۈزۈمنىڭ مەۋجۇتلىگى ۋە تېخى بىر تەرەپ بولمىغانلىقىنى دوكلاتلاردا، ئوچۇق دەلىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارغا ئاڭلىتىش لازىم. خىتاي كۆچلۈك دۆلەت بولۇش يولىدا ۋە مەقسىدىدە كىتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۈچلۈك دۆلەتنىڭ كېكەيمىچى ئارزۇلىرىدا بولىۋاتىدۇ. شۇڭا خىتاينىڭ تىز ئېشىۋاتقان نوپۇسى بىلەن رايونغا ۋە دۇنياغا تەھلىكە ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەلقارا سەھنىلەردە خىزمەت ئىشلىنىشى لازىم. شەرقى تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇت ئەھۋالى ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز ھۆررىيىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## شەرقى تۈركىستان داۋاسى
## تۈرك دۆلەتلىرى ئالى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىشى كېرەك

پىروفىسور دوكتور نەۋزات يالچىنتاش
(تۈركىيە زىيالىلار ئوچىقى تەشكىلاتى باشلىقى)

خىتاينىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بەزى تەشەببۇسلىرى بار. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغان 45 يىلدىن بۇيان 140 مۇستەملىكە دۆلەت مۇستەقىل بولۇپ ئۇنىڭغا ئەزا بولدى. نىھايەت بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ بولماسلىقى ئىنسانىيەتنىڭ نۇقسانىدۇر. بۇ نۇقسانىنى تۈزىتىدىغان ۋاقت كەلدى. بۇنىمۇ ئالدى بىلەن خىتاي قىلىشى كېرەك. تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ دۆلەت باشلىقلىرى ئېچىۋاتقان ئالى يىغىنىدا شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلۇشى كېرەك.

تۈركىيە ئەزا بولغان دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىمۇ دۇنيادا چوڭ تەسىرى بار تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتمۇ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. بۇندىن باشقا، بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە غەرپكىمۇ ئاڭلىتىش كېرەك. خىتايلار بۇنداق بىر زاماندا ئارقىنى قىلىۋېلىپ،

كۆرمىگەنگە سىلىپ شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. رۇسىيەدىمۇ ئوخشاش ئۆزگۈرۈشلەر بولدى. رۇسىيەنىڭ سەلبى ئەھۋاللىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ ئىشلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان دۇنيا سەھنىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە نەتىجە ئېلىندى.

نەسلداشلىرىمىزنىڭ ھەقلىرىنىڭ بېرىلىشى ئۈچۈن دۇنيا كونتەرتىۋىدە داۋاملىق سۆزلەش لازىم.

## ختاي ئاخىرى ئۇستەلدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر

پىروفىسور دوكتور تۇران يازغان
( تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتى ۋەقپى باشلىقى )

غەرپنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىدە بىپەرۋا قېلىشى ئىنسانلىق نۇقسانىدۇر. نىمە بولمىسۇن، ختاينىڭ سوۋىت بىرلىگىگە ئوخشاش، ئاخىرى شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۇستەلگە ئولتۇرىشى مۇقەررەر. سوۋىت بىرلىگى قول ئاستىدىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئەركىنلىگىگە ئېرىشىپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بولۇپ وتتۇرىغا چىقتى. شۇنداق قىلىپ، تۈركىستاننىڭ بىر پارچىسى ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ىما تۈركىستاننىڭ يەنە بىر پارچىسى ئاتا يۇرتىمىز شەرقى تۈركىستان يەنىلا ئىشغال ىتىدا تۇرماقتا. شەرقى تۈركىستانسىز تۈركىستان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شەرقى ۈركىستانسىز تۈرك دۇنياسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. تۈركلەرنىڭ ھەرزامان «قىزىل ئالما» سى بولدى. تۈركلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى «قىزىل ئالما» سى (ھەل قىلغۇچ نۇقتا، ئاخىرقى غايەسى) شەرقى تۈركىستاندۇر.

# خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى

ئىسمايىل چىڭگىز
( شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتىنىڭ باش سېكرىتارى )

ئۆلۈم جازاسى، قانۇنسىز ھۆكۈم، تۇتقۇنلارنى قىيناش،
جىنايەتچىلەرنىڭ ئەزالىرىنى سېتىش، مەجبۇرىي تۇغۇت
چەكلەش ۋە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش

دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرى ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان بىر ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ياشاۋاتقانلىقى ئېنىق . ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى كەڭ كۆلەمدە داۋام قىلىۋاتقان دۆلەت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدۇر . بۇ دەپسەندە قىلىشلارنىڭ كۆپچىلىكى باستۇرغۇچى قانۇنلار ۋە رەسمىي سىياسەتلەردىن مەنبەلىنىدۇ. بەزى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بولسا خىتاي ئاساسقانۇنى ۋە ئاۋتونوم سىياسىتىنىڭ بەزى دائىرىلەر تەرىپىدىن بۇزمىلىنىشى ۋە دائىرىلەرنىڭ ھوقۇقىنى سۈيىئىستىمال قىلىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن.

خىتايدا كۆرۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر، دۆلەتنىڭ سىياسىي تەرىپىدە تەسىرىنى كۆرسەتمىدى. ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن دۆلەت ئورگانلىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىسىمى ئاستىدا بولۇپ، ياشاش ۋە مەھكىمە پۈتۈنلەي پارتىيىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن بولىدۇ. خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ دەرىجىسىنى ئېنىق شەكىلدە يورۇتماق مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى خىتاينىڭ چوڭ بىر قىسمى دۇنياغا يېپىق، خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرىنىڭ بۇ بۆلگىدىكى پائالىيەتلىرى قەتئىي چەكلەنگەن. پەقەت ئېنىق بىلىنگەن بىر نەرسە، باشلىقلارغا قارشى تۇرغان « ھەركىمنىڭ جان بىخەتەرلىكى يوق » . پۈتۈن كوللېكتىپ پائالىيەتلەر، نارازىلىقلار ھاجەتسىز شەكىلدە ۋە ئىنساپسىزلارچە باستۇرۇلماقتا. ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا خاتىمە بەرمەك ئۈچۈن تۈزۈلگەن قانۇنلار بولسابۇ دەپسەندە قىلىشنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ھوقۇق سېستىمىسىغا تەسىر كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. دۇنياغا تىجارەت

يولىدىن يېقىنلاشقان خىتاي، ئىنسان ھەقلىرى مەسلىسى چىققان ھامان ، خەلقارا ئىش بىرلىگىدىن تامامەن قاچماقتا.

خىتايدا ھەر تۈرلۈك قارشى پىكىردىكىلەرۋە رەھىمسىز داۋام قىلدۇاتقان سياسى تۈزۈم قارشىسىدىكى ھەر نارازىلىق ۋەھشىلەرچە باستۇرۇلماقتا. ئۇن مىڭلارچە تۈزۈمگە قارشى پىكىردىكىلەر ، ئىنسان ھەقلىرى قوغدۇغۇچىلىرى، دىنى ھەم ئىتنىك ئازسانلىق تەرەپدارلىرى پەقەتلا چۈشەنچىلىرىنى ئىپادە قىلغىنى ئۈچۈن ، تۈرمىلەردە، ئەسكىرى ئەمگەك لاگىرلىرىدا غەيرى رەسمى شەرتلەر بىلەن ھۆكۈمسىز تۇتۇلماقتا. يالغۇز شەرقى تۈركىستاندا ئەمەس ، خىتاينىڭ ھەر دوقمۇشدا تۈرلۈك ئىتنىك ئازسانلىق تەرەپدارلىرى ، مەدەنى، ئۇمۇمى ۋە دىنى ھەقلىرىنى ئىزدەپ قانخورلارچە جازالانماقتا.

قانۇنسىز ھۆكۈم

مەركىزى ئاسيادا بولغان خەلقارا سكرىتارلىق تەشكىلاتى ئامنىستى ئىنتىرناتسىئونالنىڭ تەييارلىغان دوكلادىغا قارىغاندا ، شەرقى تۈركىستاندا ئىتنىك گۇرۇپپىلارغا مەنسۇپ بولغانلارنىڭ نورمال ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قانۇنى نارازىلىقلىرى تۈپەيلىدىن مەھكىمە قىلىنمايلا قولغا ئېلىنغانلىقى ، سياسى مەھبۇسلارنىڭ خەلقارا ئادالەت شەرتلىرىدىن بەك يىراق بولغان ھۆكۈملەر نەتىجىسىدە بەك ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمىگە سولانغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

تۇتقۇنلارنى قىيناش

قولغا ئېلىنغانلار ئېخىمۇ قوپال ۋە غەيرى رەسمى ھالەتتە تۇتۇلماقتا. تۈرك ـ ئىسلام كىملىگىگە ئىگە بولغان سياسى مەھبۇسلارنىڭ داق يەردە، بەزىلىرىنىڭ ئاستىغا سامان تاشلاپ ياتقانلىقى ھەتتا ئىتراپ قىلمىغانلارنىڭ كۆپۈنچە دەرىزىسىمۇ بولمىغان كامىرلاردا پۈتىغاكىشەن سىلىپ سولانغانلىقى، تاھارەتلىرىنىڭمۇ كامىر ئىچىدە ئىكەنلىگى ئىنقىلانغان.

ئۆلۈم جازالىرى

خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى خەلقارا بايانامىسىنىڭ ئاساسى بولغان « ياشاش ھەققى » كۈندىن كۈنگە ئۇمۇمىيۈزلۈك يوق ھىساپلىنىپ دەپسەندە قىلىنماقتا. ئۆلۈم جازاسى دائىرىسى پۈتۈن جىنايى ئىشلار ۋە قاباھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئىقتىسادى جىنايەتچىلەرمۇ ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانماقتا. مەسلەن 1994 ـ يىلى ئىككى يىزلىق كىشى ئۆزىنىڭ ھەققى بار 36 كالىنى دۆلەت ئىتىزىدىن ئوغۇرلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

ھەتتا ھۆكۈم چىقىرىلغان 18 ياشقا توشمىغان باللارنىڭ بالاغەتكە يەتكەندە ، باللىقتا ئىشلىگەن گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدە « خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ جىددى ئەندىشىلىرى بار .

ھەر يىل يۈزلەرچە كىشى خىتايدا ئادالەتتىن يىراق ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ھۆكۈم بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىماقتا . كۆپىنچە ھۆكۈملەر مەھكىمىنىڭ ئارقىدىنلا ئىجرا قىلىنماقتا . مەھكۈمنىڭ گەجگىسىدىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق ، ئالدىراپ بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى قارارىنىڭ ھۆكمىگە يېتەرلىك بولىدۇ . يەنە كېلىپ سوت « جىنايى ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش ھەرىكىتى » نامىدا بىر قېتىملىق سوراق بىلەن ۋە ئاقلىنىشنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ قويۇپ بىر ئىنساننىڭ ھاياتىغا خاتىمە بېرەلەيدۇ .

خىتايدا ئۆلۈم جازاسى باشقا دۆلەتلەردىن پەرقلىق بولۇپ، خەلقنى ئۈجۈقتۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە خىيالىغا كەلگەنچە ئىجرا قىلىنماقتا . پەقەت خىتايدا ھەر يىل پۈتۈن دۇنيادىكىدىنمۇ كۆپ ئىنسان ھۆكۈم ماگىملىرى ئىچىدە ھاياتىنى يوق قىلماقتا . بولۇپمۇ شەرقى تۈركىستاندا كۆپىنچە سىياسى جىنايەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەكتە ۋە بۇ جازا بېرىلگەندە كۆپ ھالدا سىياسى گۇناكارنىڭ جىنايىتى ئىسپاتلىنىش شەرتى تەكشۈرۈلمەيدۇ . ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرگە ھەم تۈرمىدە، ھەم سوراقتا قىلىنغان مۇئامىلە تامامەن ئىنسان قىلىپىدىن چىققاندۇر . ھۆكۈمنى ساقلىغان گۇناكارلارنىڭ پۇتىغا ئايلارچە كىشەن سېلىنماقتا . ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر پات - پات كوللېكتىپ ھالدازورىيغىلىشلاردا ئالدىغا چىقىرىلىپ جىنايىتى ۋە جازاسى ئېلان قىلىنماقتا . بۇ كىشىلەرنىڭ خەلق ئالدىدا بېشىنى ئەگىپ ، قوللىرىنى ئارقىدىن باغلاپ ، كۆپىنچە ۋاقىراپ تاشلىماسلىقى ئۈچۈن ئاغزىنى ئېتىپ ، بويىنىغا ئىسمى ۋە جىنايىتى يېزىلغان تاختاي ئېسىپ ئېلىپ چىقىشى قاتارلىق ۋەھشى ۋە كەمسىتكۈچى ھەرىكەتلەردىن كېيىن، مىڭلارچە كىشىنىڭ كۆزى ئالدىدا گەجگىسىگە ياكى كۆكرىگىگە ئوق ئېتىپ ھۆكۈم ئىجرا قىلىنماقتا .

خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 1994 - يىلى خىتايدا 2780 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ، بۇنىڭ 2050 نىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ سان پۈتۈن دۇنيادا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلارنىڭ ساندىن ئۈچ ھەسسە كۆپ.

پەقەت 1995 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئېنىقلانغان ئۆلۈم جازاسى 1147 ئادەم ھەمدە خىتايدا سىياسى چۈشەنچە جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ دۆلەت

مەخپىيىتى سۈپىتىدە جاكالىنىشى بۇ سانىنىڭ مۆلچەردىكىدىن تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكى ئەندىشىسىنى توغرىلىماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئۆلتۈرۈلگەن مىڭلارچە كىشىنىڭ مەھكىمە سىرتىدا قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ قۇربانى بولغانلىقىدىن ئەندىشىلەنمەكتە. يەنى قانۇنى بەلگىلىمىلەردىن چەتنەپ ھەرىكەت قىلغان خىتاي خەۋپسىزلىك قىسىملىرى تەرىپىدىن ئىنسانلار قەستەن، ئوقۇقا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلمەكتە. 1990 - يىلى شەرقى تۈركىستاننىڭ بارىن كەنتىدە خەلق مەسچىتتە ناماز قىلىۋاتقاندا، ھاۋا قىسىملىرىنىڭ بومباردىمانى ۋە ئېغىر قۇراللانغان مىڭلارچە ئەسكەرنىڭ ئوقۇقا تۇتۇشى بىلەن يۈزگە يېقىن ئىنسان ئۆلتۈرۈلدى.

ئىنسان ئەزالىرىنى سېتىش

خىتايدا ستىلىدىغان ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ئاساسى مەنبەسى « ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر » ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا سۇنۇلغان دوكلاتلار بار. سېتىۋىلىنىدىغان بۆرەكنىڭ %90 نىڭ جىنايەتچىلەردىن ئېلىنىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. جىنايەتچىلەرنىڭ بۆرىگىدىن باشقا يۈرەك ۋە قان تومۇرلىرىنىڭمۇ ئېلىنغانلىقى مەلۇم. خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئالغان مەلۇماتلار ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە، خىتايدا ئۆلۈم جازاسىنىڭ كەڭ كۆلەملىكى ۋە خىتاي دوختۇرخانىلىرىدا ئەزا سېتىشتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت بارلىقى ئېنىقلانغان. ئۆلۈم جازاسىدىن كېيىن جەسەتلەرنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ۋە بۇ ھەقتە سوت ھەم ساقلىق ئورگانلىرىنىڭ مەلۇمات بەرمەسلىكى ئېنىق پاكىتلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىمكانسىز ھالغا چۈشۈرمەكتە. پەقەت خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ تىببى مەنبەلەردىن ئېنىقلىغان مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۆلۈم جازاسى بەرگەن مەھكىمە، ساقلىق ئورگانلىرى ۋە مۇناسىپ دوختۇرخانىلار ئارىسىدا يېقىن بىر مۇناسىۋەت تورى مەۋجۇت بولماقتا. دەسلەپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قان تەكشۈرۈش ۋە تىببى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن، ماشىنىدا دەرھال بۇ دوختۇرخانىغا توشۇلىدىغانلىقى ھەتتا ئۆلۈم جازا مەيدانىدىلا بىر دوختۇر ماشىنىسى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئېلىنىپ سېتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

مەجبۇرى تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە بالا چۈشۈرۈش

خىتايدا 1979 - يىلىدىن بېرى تۇغۇت چەكلىمىسى مەجبۇرى ئىجرا قىلىنماقتا. تېزئېشىۋاتقان نوپۇسنى تىزگىنلەش مەخسىدىدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ قانۇننىڭ ھەقلىق

تەرەپلىرى بىلەن بىللە ، خىتاي ئەمەس شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىنىڭمۇ بۇ قانۇن دائىرىسى ئىچىگە ئېلىنىشى پۈتۈنلەي ھەقسىزدۇر. ئاچارچىلىق خاتىرجەمسىزلىگى ۋە خىتاينىڭ زامانىۋىلىشىشى نۇقتىسىدىن ھەقلىق ھېساپلانغان « پىلانلىق تۇغۇت » قا قارشى ئەمەسمىز ، ئەمما بۇ قانۇن سەۋەپچى بولغان ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەممىمىزنى راھەتسىز قىلماقتا.

چۈنكى ، شىتاتسىز بالا تاپقانلار جازالانماقتا. جازانى تۆلىيەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرى تارتىۋېلىنماقتا ، خىزمىتىدىن ھايدالماقتا.

چۈنكى، ھامىلدار ئاياللار بالا چۈشۈرۈشكە پىسخىك بېسىم ۋە زورلاش خاراكتىرىدا مەجبۇر قىلىنماقتا.

چۈنكى ، يېزىلاردا ھامىلدار ئاياللار ئۆيلىدىن مەجبۇرى ھايدىلىپ غەيرى نورمال شەرتلەردە بالا ياتقۇ ۋە ھامىلە ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلىنماقتا.

چۈنكى ، شىتاتسىز تۇغۇلغان بۇۋاقلار دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرلىرىنىڭ بېسىمى بىلەن دوختۇرلار تەرىپىدىن ئائىلىسىنىڭ رازىلىقىسىز ئۆلتۈرۈلمەكتە. ھەتتا ئانا قارنىدىلا ئۆلتۈرۈلمەكتە.

بۇ ۋەھشى ، ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ، كەمسىتكۈچى ئىجرائارغا خاتىمە بېرىلىشى يولىدا جىددى تەدبىرلەر ئېلىنىشى لازىم.

## خۇلاسە

## خىتايلار، يۇرتۇڭغا قايتىش !

خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئامنېستي ئىنتېرناتسونال : قىيناش، ئۆلۈم جازاسى، جىنايەتچىلەرنى كىشەنلەپ كوچىدا سازايى قىلىش، ئىنسانلارنىڭ قەستەن ئۆلتۈرۈلۈشى، مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىسكەنجە، قانۇنسىز ھۆكۈم ۋە يامان مۇئامىلىلەرنىڭ ھەمدە ئۆلۈم جازالىرىنىڭ ــ مۇستەقىل ۋە تەرەپسىز خەلقارا كۈچ تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىشى ھەققىدە دوكلاتلىرىدا سۆزلىگەن ئىدى. كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك خىتايدا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ « ئى» سىنىمۇ كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس.

بىز خىتاي ھۆكۈمىتىدىن دەسلەپكى قەدەمدە، پەقەت ۋە پەقەتلا ئىنسان ھەقلىرى خەلقارا باياننامىسىنىڭ ، ئاۋتونوم قانۇنلىرىنىڭ ، ھەتتا ئۆزلىرى تەييارلىغان خىتاي مىللى ئاساسقانۇنىنىڭ ھەققى ئىجرا قىلىنىشىنى ئىستەيمىز. يەنى باشقىچە ئېپادىلىسەك، ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىدا قەيت قىلىنغان :

( داۋامى 38 ـ بەتتە )

# نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر كۇلتۇرى دەيمىز ؟

پىروفىسور دوكتور ئوسمان فىكرى سەرتكايا
( ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستىتى ئەدەبىيات فاكۇلتىتى )

ئۇنىۋېرستىتا دەرس ئۆتكىنىمدە ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى : « ئۇستازىم، نىمىشكە ئۇيغۇر تۈركچىسى دەرسى ئۆتىمىزۇ ، قەدىمقى تۈرك خەلقلىرىدىن باشقىلارنىڭ تىل دەرسىنى ئۆگەنمەيمىز ۋە باشقىلارنىڭ تىل مېتىنلىرىنى ئوقۇمايمىز ؟ » دەپ سورىدى. «نىمىشكە قەدىمقى تۈرك خەلقلىرىدىن ئۇيغۇرلار ؟ » سوئالىغا دەرستە بەرگەن جاۋابىمنى بۇ يەردە سىزلەرگە تەكرارلاشنى لايىق كۆردۈم .

تۈرك مىللىتىنىڭ تارىخى ئۆز يېزىقلىرىدا 1300 يىلدىن بېرى مەلۇم بولماقتا. ئەڭ قەدىمى يېزىق ھۆججەتلىرىمىز بولغان كۆكتۈرك ئابىدەلىرىمىزدە تۈرك مىللىتىنىڭ ئوغۇز ، تاتار ، قىرغىز ، ئۇيغۇر قاتارلىق بىرمۇنچە خەلقى تىلغا ئېلىنغان.

بۇ تۈرك خەلقلىرىدىن تاتارلارنىڭ يېزىق ھۆججەتلىرى 13 ـ ئەسىردىن كىيىن ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن باشلاندى. قىرغىزلارنىڭ بولسا 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئېلىپبە بىلەن باشلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمى يېزىق ھۆججەتلىرى 750 ـ يىلدىن كىيىن يەنى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن ئېتىۋارەن كۆكتۈرك ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان تەس، تارىيات (تەرخ )، شىنە ئۇسى ئابىدەلىرىدە يېزىلغان. بۇ ئابىدەلەرنى ئۇيغۇر، ھىندى، تىبەت ئېلىپبەلىرى بىلەن يېزىلغان مىڭلارچە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر كۇلتۇر ھۆججەتلىرى ئىسلاملاشقاندىن كىيىنمۇ ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن يېزىقتا خاتىرىلەنگەنلىگىنى بىلىمىز . قىسقىسى، تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە كۇلتۇر تەرەققىياتى باشتىن بېرى يېزىق ھۆججەتلىرىدە ئۆزلۈكسىز داۋام قىلغان خەلق پەقەت يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىدۇر.

ۋاقت ئېتىۋارى بىلەن ، ئۇيغۇر ماددى كۇلتۇرىنىڭ كۆكتۈرك ھەرپلىك تەس، تارىيات ۋە شىنە ئۇسى قاتارلىق ئابىدەلىرى ياكى ئىسلاملاشقاندىن كىينكى ئەرەپ ھەرپلىك ئەسەرلەردىن مەھمۇت قەشقەرى يازغان « دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك » تەك تىل ۋە

كۇلتۇر ئانسكلوپېدىيىسى ۋە ياكى يۇسۇف خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇتاتغۇبىلىگ » دەك دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسقانۇنى بولغان بىر ئەدەبى ئەسەر ئۈستىدە توختالمايمەن.

پەقەت 750 ـ 850 يىللار ئارىسىدا ئۆتتۈكەندە، 850 ـ 1250 يىللار ئارىسىدا بۈگۈنكى دۆلەتى بولغان شەرقى تۈركىستاننىڭ قۇچۇ قاتارلىق بىرمۇنچە خەلق ماكانلاشقان شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەردىن بىر قانچىسىنى تەھلىل قىلىپ ، قەدىمى ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ ئىزچىللىقى ئۈستىدە توختۇلىمەن.

كالىندار سىستىمىسى

قەدىمى تۈركلەر مۇكەممەل بىر كالىندار قوللانغان ئىدى. ئەجداتلىرىمىز قوللانغان بۇ كالىندار سىستىمى ھەرخىل مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولغان تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن « 12 ھايۋانلىق تۈرك كالىندارى » نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ كالىنداردا يىللار «چاشقان ياكى كۈسكۈ ، كالا ، يولۋاس، توشقان، ئەجدەرھا ، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخو ، ئىت ۋە تو ڭگۇز » قاتارلىق 12 تۈرلۈك ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ كالىندار سىستىمىسىدا تۆۋەندىكى ۋەسىيەتنامىدىكى: « چاشقان يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە » دىگەن جۈملە ياكى ئىشچى يوقلىمىسىدىكى « ئات يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆرتىدە » دىگەن جۈملىدە كۆرسىتىلگەندەك ئاۋال يىل ، ئاندىن ئاي ، ئاخىرىدا كۈن تەرتىپلەنگەن. بۇ خىل ئىپادىلەش سىستىمى بۈگۈن موڭغۇلىستاندا قوللىنىلماقتا.

نوپۇس تەكشۈرۈش

ئۇيغۇرلاردا نوپۇس تەكشۈرۈش 13 ـ ئەسىردە ئىلىپ بېرىلغان. گېرمانىيە بېرلىن بىراندىنبورگ ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان « تۇرپان قولىيازمىلىرى » دىكى بىر ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە : « چاشقان يىلىدىكى خەلق ، قەۋم سانى بىلەن يېزىلدى. خەلق ، قەۋم سانى بىلەن يېزىلدى. قۇچۇ قاتارلىقلار سانى بىلەن يېزىلدى. » سۆزىدىن بىر نوپۇس ساننىڭ ئېلىنغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇندىن باشقا نوپۇس ساننىڭ ئاساسى بولىدىغان نوپۇس بايانلىرىنىڭ ئىشلەنگەنلىگىنى بىلىۋالالايمىز.

نوپۇس بايانى

ئۇيغۇرلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن دۆلەتكە « نوپۇس بايانامىسى » تاپشۇرۇلغان. گېرمانىيە بېرلىن بىراندىنبورگ ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان 25 قۇرلۇق بىر ئۇيغۇرچە

هۆججەتتە شۇنداق دېيىلگەن: « (ئائىلىمىز) ئالتە كىشىدۇر. مەن يۈلەك 45 ياشتا، خوتۇنۇم ئارىفا 30 ياشتا، قىزىم باقشال 17 ياشتا، ئوغلۇم قۇتلۇق سىنكور 10 ياشتا، يەنە ئوغلۇم بۇيان سىنكور 8 ياشتا، يەنە ئوغلۇم باچاق سىنكور 5 ياشتادۇر. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى راستتۇر. ياشلىرى توغرىدۇر. يالغان بولۇپ مەسىلە چىقسا 57 قامچا جازا يەپ ماڭا بېرىلىدىغان ياستۇقتىن ۋاز كېچىمەن. توڭگۇز يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنىدە مەن بەگى سۆزلەپ يازدۇردۇم» . هۆججەتنىڭ گۇۋاچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككىنچى بۆلۈمى شۇنداق: « يۈلەك شەلىگە، بىز يوللۇغا ۋە چېرىگ ئىككىمىز هۆججەت بېرىمىز. يۈلەكنىڭ بۇ هۆججەتتىكى ئىسىملىرى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى توغرا. قوچۇ مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا بار ئىدى. ياشلىرىنىڭ سانىمۇ توغرا، بىز بىلىمىز. بۇ ياستۇقنى ئېلىپ، قوناق، بۇغداي تېرىپ باج تۆلەپ، باشقا جايغا كۆچمەي تۇرىۋاتىدۇ. قوچۇ مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندا بار ئىدى. بۇ سۆزلىرىمىز راستتۇر. يالغان بولۇپ مەسىلە چىقسا، 57 دىن قامچا يەپ، يۈلەككە بېرىلىدىغان ياستۇق قالانىنى ئۆز ئۆيىمىزدىن بېرىمىز. توڭگۇز يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى مەن بەگى يۈلەككە سۆزلەپ يازدۇردۇم. بۇ تامغا مەن يالۇغانىڭدۇر. بۇ تامغا مەن چېرىگنىڭدۇر» .

### قوچۇ ئىدىقۇتقا بېرىلگەن مال مۈلۈك بايانى

ئۇيغۇرلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن دۆلەتكە مال مۈلۈك بايانىنامىسى تاپشۇرۇلغان. بۇنى ۋىلخېلم رادلوف تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە تىل خاتىرىلىرى» ناملىق كىتاپتا بېرىلگەن 40 ـ هۆججەتتىن بىلەلەيمىز:

« ئىدىقۇت ھەزرەتلىرىگە سائادەت بولسۇن. تۆمەن ئېلچى بەگلەرگە مەن سېۋىنچ هۆججەت بېرىمەنكى، چوڭ دەپتەرگە يېزىلغان كىمسەلىرىمدىن باشقا ھەر قانداق بار-يوق دىگەن سۆز چىقسا ۋە بۇ سۆز راست چىقسا مەن ئۆلۈمگە رازىمەن. بۇ نىشان مېنىڭدۇر. يىلان يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى كۈنىدە يازدىم» . بۇ هۆججەت يالغۇز ئەمەس. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئۈچ پارچە هۆججەتنى مەن ئېلان قىلغان ئىدىم.

### ۋەسىيەتنامە

ئۇيغۇرلاردا ۋەسىيەتنامە ھساپ كىتاۋى بار ئىدى، دۇشمەنگە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئېغىر كىسەلگە گىرىپتار بولۇپ تۆل قالدىغان ياش خوتۇنى شىلان بىلەن يىتىم قالدىغان كىچىك ئوغلى ئالتمىش قاياننىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بىر ۋەسىيەتنامە قالدۇرغان. گېرمانىيە بېرلىن براندېنبورگ ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان ۋە ۋىلخېلم رادلوف تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرچە تىل خاتىرىلىرى» نىڭ 78 ـ

هۆججىتىدە 25 قۇرلۇق بۇ ئۇيغۇرچە ۋەسىيەتنامە بار:

« چاشقان يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى مەن دۈشۈمكى ئېغىر كېسەل بولغىنىم ئۈچۈن ياخشى - يامان كۈنلەرنى ئويلاپ، خوتۇنۇم شىلانغا ۋەسىيەتنامە قالدۇردۇم. مەندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگمەي، ئۆيۈمنى ئىدارە قىلىپ ئوغلۇم ئالتىمىش قايانى تەربىيەلەش بىلەن مەشغۇل بولسۇن. ئوغۇللىرىم قۇشان ۋە ئېسەن قايالار « ئۆگەي ئانىمىزنىڭ نىكاھى بىزگە توغرا كېلىدۇ » دەپ ئالمىسۇن، قوشۇلمىسۇن. ئەگەر ئالىمىز دەپ قارشىلىق قىلسا، چوڭ ئوردىغا بىر ياستۇق ئالتۇن، ياش شاھزادىلارغا بىر كۈمۈش ياستۇق، ساراي غەزىنىسىگە بىر ياستۇق ۋە بىر ئات بېرىپ ئېغىر جازالىسۇن ۋە سۆزلىرى ئىناۋەتسىز بولسۇن . بۇ ۋەسىيەتنامىنى سۇتزا، قەدقاياتۇتۇن، تۆكەلە، كىمتىسو قاتارلىق جامائەت ۋە تاۋغاچ يەكە، ئىكىجى قاتارلىق خەلق ۋە يېقىنلىرىمدىن ئەسەنەلەرنىڭ ئالدىدا بەردىم. گۇۋاچى ئىنە ، گۇۋاچى خان تويىن ، بۇ تامغا مېنىڭدۇر. مەن قايسىن سۆزلەپ يازدۇردۇم. بۇ تامغا مەن تاۋغاچ يەكەنىڭدۇر . بۇ تامغا مەن ئەسەنەنىڭدۇر. »

## ئوغۇللۇققا بېرىۋېتىش

ئەۋلادى بولمىغان بىر يېقىنىغا ئىككى ئوغلىدىن تۇرمىش ئاتلىق بىرىنى خەلق ئادىتى ۋە ئادەت قارارى قانۇنىغا بىنائەن ئوغۇللۇققا بەرگەنلىكى ھەققىدىكى 36 قۇرلۇق بىر ھۆججەت ۋىلخېلم رادلوف تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « ئۇيغۇرچە تىل خاتىرىلىرى » ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى:

« .... يېقىنىم سۇتباق ئۈمىتسىز، ئەركەك ئەۋلاتسىز قالمىسۇن دەپ بۇ ئىككى ئوغلۇمدىن تۇرمىش ئىسىملىك ئوغلۇمنى سۇتباققا خەلق ئادىتى بويىچە ئەۋلاتلىققا بەردىم. بۇندىن كېيىن ھېچ ئۆزگىرىش قىلماستىن، بۇ ئوغۇل سۇتباق بەرگەن ئاشنى يەپ، بۇيرىغان ئىشنى قىلىپ ئوغۇللۇق ئادىتى بويىچە ئۆلگەنگە قەدەر ھۆرمەت قىلسۇن. مەن سۇتباق - تۇرمىش ئاتلىق بۇ ئوغۇلنى ئۆزەمدىن توغۇلغاندەك بىلىپ، قىز ئېلىپ بېرىپ، يەنە مەندىن ئوغۇل ۋە قىز توغۇلسا، ئۇ بالىلىرىم بىلەن تەڭ كۆرۈپ، ئۆيۈمدىكى بىساتىم قانچىلىك بولسا، قانچىلىك بالام بولسا ئۇلار بىلەن تەڭ مىراس بېرىمەن. ئەگەر بۇ بالىغا زورلۇق قىلىپ ، چوڭ بولغاندا ياخشى قارىماي، يامان ئادەملەردەك مۇئامىلە قىلسام، ئۆز ئىختىيارىچە نەگە كەتسە مەيلى، سۇتباقنىڭ سۆزى ئىناۋەتسىز بولسۇن. سۇتباق كېيىن توغۇلغان بالىلىرى بىلەن تەڭ كۆرۈپ، كىيىن ئېلىپ بېرىپ، ياخشى بېقىپ، ئوغۇل ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىپ قارىسا، ئۇ يۈز ئۆرۈپ كېتىمەن دېسە، ئادەت قانۇنى بىلەن

ئەجداتلار يازغان جازاغا تارتىلسۇن .

گۇۋاچى تېمۇر، گۇۋاچى ئارۇق، بۇ نىشان تامغا مەن تورچىنىڭدۇر. مەن ئىش قارا، تورچى باقشىغا سۆزلەپ يازدىم » .

## ئىش يوقلىمىسى

قەدىمى ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەققى تەمىنات ئاستىدا ئىدى. گېرمانىيە بېرلىن براندېنبورگ ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان 4 قۇرلۇق بۇ ئۇيغۇر ھۆججىتى مۇنداق:

« ئات يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆرتىنچى كۈنى ئىشچى بولۇپ يېزىلىپ، ئون بەشىنچى كۈندىن ئىتتىۋارەن ئىشقا كىردى. ئون بەش، ئون ئالتە، ئون يەتتىنچى كۈنلىرى كەلمىدى. ئون سەككىزىنچى كۈنى چىچەم شەلىنىڭ ئوغلى ئىشقا كەلدى » .

## نەتىجە

كالېندار سىستېمى، نوپۇس سانى، نوپۇس بايانى، مال مۈلۈك بايانى، ۋەسىيەتنامە، خەلق ئادەتلىرى بىلەن ئوغۇللۇقتا بېرىش، ئىشچى يوقلىمىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا، قەدىمى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر كارتىنىسىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ كارتىنىغا ھاكىم بولغان بىر نەرسە دۆلەت نىزامىدۇر. نوپۇس سانى ئېلىنغانلىقى، نوپۇس بايانىنىڭ بېرىلگەنلىكى، مال مۈلۈك بايانىنىڭ تاپشۇرۇلغانلىقى، تۇل قالدىغان ياش خوتۇنى بىلەن يېتىم قالدىغان كىچىك ئوغلىنىڭ ئاياتىنىڭ كاپالەتكە ئېلىنىشى ھەققىدە ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇلغانلىقى، بالىسىنىڭ خەلق دىتى بويىچە ئوغۇللۇقتا بېرىلگەنلىكى، ئىشچى يوقلىما قىلىنغانلىقى قاتارلىقلار بىر جەمىيەت تۈزۈمىدە ھەر ئىشنىڭ خەلق ئادەتلىرىگە ئاساسلانغان يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇنداق بىر جەمىيەت نىزامى بار بولغان يەردە ھوقوق، ھوقوق بار بولغان يەردە قانۇن ۋە نىزام، قانۇن ۋە نىزام بار بولغان يەردە ئادالەت بار بولغان بولىدۇ. ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىنغان بىر قەۋم بولسا مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۈكسەك بولغان بىر قەۋمدۇر. مۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئەدەبىي ۋە كۈلتۈر بايلىقلىرىمۇ بەك يۈكسەك بولۇشى كېرەك.

تۈرك مىللىتىنىڭ يۈزلەرچە يىللىق دۆلەت ئەنئەنىسىنىڭ بۇ ئاساسلار بويىچە يۈكسىلىپ بۈگۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى سۆزلىمەك، ھەققى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۇر دەپ چۈشىنىمەن. سۆزۈمنى سەۋر قىلىپ ئاڭلىغىنىڭلار ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمەن .

# تۈركىيە بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ ئەدەبىي ئالاقىلىرى

دوچانت  ئابدۇلھەكىم باقى ئىلتەبىر
( شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى مۇئاۋىن باشلىقى )

بىر مىللەتنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە پۈتۈنلىكى پەقەت مىللى زېمىنى، مىللى ھاكىمىيىتى يەنى دۆلىتى بىلەن مەۋجۇت بولالايدۇ. مىللى زېمىنى ئىشغال قىلىنغان، مىللى دۆلىتى يوق قىلىنغان مىللەت، مىللى بارلىقى، بىرلىكى ۋە پۈتۈنلىكىنى مىللى مەدەنىيىتى بىلەنلا قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. مىللى كىملىك، مىللى بارلىق، مىللى ئېتنوگرافىيە، مىللى تىل - يېزىقلارنى قوغداشتا ئەدەبىياتنىڭ رولى پەۋقۇلئاددە چوڭدۇر.

بىر پۈتۈنلىكى يوق قىلىنغان تەلەيسىز تۈركلۈك دۇنياسىدا ، يىلتىزى ، زېمىنى، تارىخى، تىلى بىر بولغان تۈركىيە تۈركلىرى ، ئەسىرلەردىن بېرى مۇستەقىل تۈرك دۆلىتىنى قوغداپ داۋام قىلىپ كەلگەن بولسا، خىتاي ئىمپىراتورلىرىنىڭ زۇلمىغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر تۈركلىرى ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ مىللى تۇپراقلىرىنى قوغدىيالمىدى، مىللى ھاكىمىيەت - دۆلەتلىرىگە ئىگە بولالمىدى. پەقەت ئىسلامى ئىشەنچىنى، مىللى كىملىگىنى قوغدىماق ئۈچۈن تىركىشىش ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ تىركىشىش كۆرىشىدە، مىللى تارىخلىرى چەكلەنگەن ئۇيغۇر تۈركلىرى كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئارقىلىق مىللى تارىخنى، مىللى مەدەنىيىتىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداپ كەلدى. ئەدەبى ئىجادىيەتلەردە بايان قىلىنغان مىللى قەھرىمانلىرى ئارقىلىق مىللەتنى ئويغۇتۇشقا، ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەشكە ئىنتىلىپ كەلدى.

تارىختىن بويان ئورتاق كىلاسسىك ئەدەبىياتقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر تۈركلىرى تۈركىيەدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان ئەدەبى ئالاقىلىرىنى ھېچبىر زامان ئۈزمىدى.

1069 - يىلى قەشقەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان « قۇتادغۇ بىلىگ » 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلدى. 1928 - يىلى تۈركىستاندا فىترەت تەرىپىدىن بىر قىسمى نەشر قىلىنغان « قۇتادغۇبىلىگ » ، 1947 - يىلى پىروفىسور رەشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن مەتنى نەشر قىلىندى. 1952 - يىلى تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. 1972 - يىلى قىيۇم كەرىموف تەرىپىدىن ئۆزبېكچە نەشر قىلىندى. 1980 - يىلى شەرقى تۈركىستان

پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى نامىدىن ئىمنوف ھامۇت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەت زىيائى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نەزمى، نەسرى يەشمىسى ۋە ختايچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى.

1075 - يىلى ماھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان « دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك » كىتابى 1917 - يىلى كىلىسلىك رىفات بەگ تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا بايقالدى. 1930 - يىلى تۈركىيەنى زىيارەت قىلغان قۇتلۇق شەۋقى 1932 - يىلى تۈركىيەدىن قايتقان مەمتىلى تەۋفىق بىلەن بىرلىكتە قەشقەردە « دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك » نى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. 1941 - يىلى پىروفىسور بېسىم ئاتالاي ئەنقەرەدە نەشر قىلدى. 1946 - يىلى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ يوليورۇقى بىلەن چۆچەكتىكى ئالىم ئىسمايىل داموللام ئەرەپچىدىن تەرجىمە قىلدى. 1952 - يىلى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى مۇئاۋىن رەئىسى سەيدۇللا سەيفۇللا نىڭ يولیورۇقى بىلەن ئالىم ئەھمەت زىيائى ئەنقەرە نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇردى. 1960 - 1963 - يىللار ئارىسىدا شەرقى تۈركىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئۇيغۇر سايرانىمۇ تەرجىمىسىنى ھازىرلىدى. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ختاي زوراۋانلىرى تەرىپىدىن ھەر خىل باھانىلار بىلەن چەكلەندى ياكى مۇسادىرە قىلىندى.

1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبراھىم مۇتئىي، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمان، ئابدۇسالام ئابباس، ئابلىمىت داموللام قاتارلىقلار تەرىپىدىن مۇكەممەل تەرجىمىسى ئۇرۇمچىدە 10 مىڭ نۇسقا نەشر قىلىندى.

1875 - يىلى تۈركىيەدىن قەشقەرگە كىلىپ قوماندان ياقۇپ بەگكە مەسلىھەتچى بولغان مەھمەت ئاتۇف بەگ تۈركىيەنىڭ ئەدەبىياتىنىمۇ شەرقى تۈركىستانغا تونۇتتى. قايتقاندىن كىيىن 1884 - يىلى ئىستانبۇلدا قەشقەر تارىخى ھەققىدە كىتاپ يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تۈركىيەگە تونۇتتى.

1902 - يىلى ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار تۈركىيەگە ئوقوغۇچى ئېۋەتتى. 1907 - يىلى تۈركىيەدىن ئابابەكرى قاتارلىق ئون نەچچە ئوقۇتقۇچىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار تۈركىيەگە ئېۋەتكەن تۇرسۇن ئەفەندى 1909 - يىلى ئىستانبۇلدىكى « سۇلتانىم » ئالى بىلىم يۇرتىنى ئەلىيۇللا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ قەشقەردىكى « ھۆسەينىيە » مەكتۈۋگە مۇدىر بولدى ھەمدە تۈركىيەچە دەرسلىك تۈزدى. تۇرسۇن

ئەفەندى قۇرغان فوتبول كوماندىسى 1927 - يىلى قەشقەردىكى ئەنگلىيە، شىۋىتسارىيە كونسۇلخانىسىنىڭ فوتبول كوماندىلىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئىككىدە بىر ۋە يەتتىدە نۆل يېڭىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقارا فوتبول مۇسابىقىسىدىكى زەفىرىنى نامايان قىلغان ئىدى.

1916 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن مەسئۇت سابىرى ۋە ئابدۇراخمان شاھىدى 1919 - يىلى شەرقى تۈركىستانغا قايتىپ ، دوختۇر ۋە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1918- يىلى گېنېرال تالات پاشا تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستانغا ئېۋەتىلگەن ئەھمەت كەمال ئىلقۇل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، 1925 - يىلى ئىزمىردا « خىتاي - تۈركىستان مۇناسىۋەتلىرى » ناملىق كىتاپ يېزىپ نەشر قىلدى.

1923 - يىلى ئىستانبۇلدا ئوقۇپ مۇئەللىملىك قىلغان مەمتىلى تەۋفىق 1932 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ مەكتەپ مۇدىرى بولدى ۋە تۈركىيەچە دەرسلىك پىروگرامى، تۈزۈمى ۋە كىتاپلىرىنى تۈزدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى ئېلان قىلدى. « ئىزچىلار تەشكىلاتى » قۇرۇپ ، ئىزچىلار مارشى تۈزۈپ ئوقوغۇچىلارغا ئۆگەتتى. 1936 - يىلى خىتاي فاشىستلىرى تەرىپىدىن « فانتۈركىست » دەپ شېھىد قىلىندى.

1930 - يىللاردا تۈركىيەدىن كۆپلىگەن ياشلار ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن شەرقى تۈركىستانغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى قاناتيادۇردى.

1945 - يىلى تۈركىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مۇتەخەسسى مېمدۇ شاۋكەت ئىسەندالنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇربان قوداي شەرقى تۈركىستانغا قايتىپ « يالقۇن » ، « يۇرت » گېزىتلىرىنى نەشر قىلدى. مەمتىمىن ھەزرەت ، مەسئۇت سابىرى، ئەيسا ئالپتېكىن، ھاجى ياقۇپ قاتارلىق تۈركىيەدە تەلىم ئالغان زىيالىلار نەنجىن ۋە ئۈرۈمچىلەردە پائالىيەت ئېلىپ باردى. شۇ يىللاردا رىشات نۇرى گۈنتېگىننىڭ « چالا قۇش » كىتابى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى. گېزىتلاردا تۈرك بىرلىگى، تىل ئورتاقلىقى شۇئارلىرى ئومۇملاشتى. تۈركىيەنىڭ ھىكايە، شېئىرلىرى خەلققە تونۇشتۇرۇلدى.

1949 - يىل ئاخىرىدا، خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تۆمۈر قەپەز ئىچىدىكى بۆلبۆللار سايراشتىن توختىدى. ئەدەبىي مۇناسىۋەتلەر چەكلەندى. مەن تۈرك دىگەنلەر تۈرمىلەرگە سولاندى.

بۈگۈن شەرقى تۈركىستاندا 3 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر يازغۇچى بار. بەش نەشرىيات، 18 ئەدەبىي ژورنال ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنماقتا. بەش ئۇنىۋېرستىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتى، 9

ماﺋارىپ ئىنىستىتوتى ۋە دارىلمۇئەللىمىن ، تولۇق، تولۇقسىز ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇيدۇ . بۇگۈنگىچە ئۇيغۇر يازغۇچىلار 240 رومان ، پوۋست، مىڭدىن ئارتۇق ھىكايە، 20 مىڭدىن ئارتۇق شېئىر يېزىپ نەشر قىلدى. 300 دىن ئارتۇق كىلاسسىك تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى، 200 دىن ئارتۇق چەتئەل ئەدەبىي كىتاپلىرىنى نەشر قىلدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر تۈركلىرى نىجاتلىق ئۈمىدىنى تۈركىيەگە باغلىغىنىدەك ، ئەدەبىياتچىلىرىمۇ تىل ۋە ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈنلىگىنى قوغداش ئۈچۈن تۈركىيە ئەدەبىياتىغا يۈزلەندى. 25 يىلدىن بېرى شەرقى تۈركىستاندىكى تىل - يېزىق كومىتېتى ئەزالىرى قولىدىكى تۈركىيەدە نەشر قىلىنغان ئوكىيانۇسنى قورال قىلىپ، ئۆز تىلىدىكى خىتايچە، رۇسچە، ئەرەپچە، فارسچە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئۆز تىللىرىنى ئالماشتۇردى. 1961 - يىلى ئۇيغۇرلار تۈركىيەنىڭ ئالفابەسىگە ئوخشاش ئېلىپبە قوللانغان ئىدى. 1982 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇنى چەكلەپ ئەسلىدىكى ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

بۇگۈن شەرقى تۈركىستاندىكى مەتبۇئاتلاردا مەھمەت ئاكىف ئەرسويىنىڭ «ساباھەت» تىكى شېئىرلىرى ، رىشات گەنچ ئۇستازىنىڭ « قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تارىخى » كىتاۋى، ئارىف ئاي شېئىرلىرى، ساباھەددىن ئەلىنىڭ « كۆركلى خانىم » لىرى، ئۆمەر سەيفىددىنىنىڭ « ئاق لالە » ، « بومبا » لىرى ، ئەزىز نەسىن ھىكايىلىرى، ياشار كامالنىڭ « ئىنجى مەمەت » لىرىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. ئىستىقلال مارشى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى. تۈركىيە ناخشىلىرى خەلق ئىچىدە مودا بولدى. يۈزلەرچە تۈركچە ئەدەبىي تەرجىمانلار قوشۇنى مەيدانغا كەلدى.

ئىنشائاللاھ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىستىقلال كۆرىشىدە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلغۇسىدۇر .

## 2 ـ قېتىملىق خەلقارا
## شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى تەبرىك تېلگىراممىلىرى

ھۆرمەتلىك گېنىرال م . رىزا بەكىن :

جىددى پىروگراممىلار سەۋەبىدىن شەرقى تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن. تەكلىپىڭىزگە تەشەككۈر. يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. سىزگە ۋە پۈتۈن مىھمانلارغا سالام ۋە سۆيگۈلىرىمنى سۇنىمەن .

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باشباكانى :

پىروفىسور دوكتور نەجمىدىن ئەرباكان

ھۆرمەتلىك گېنىرال م . رىزا بەكىن :

شەرقى تۈركىستان ۋەقپى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەكلىپنامىسىنى ئالدىم. تەشەككۈر ئېيتىمەن. ۋەقپلىرىمىزنىڭ دۆلىتىمىز ۋە خەلقارانىڭ مەسىلىلىرىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزگەنلىگىدىن سۆيۈندىم. خىزمەتلىرىڭىزنى قۇتلايمەن. مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن .

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باشباكان ياردەمچىسى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى :

پىروفىسور دوكتور تانسۇ چىللەر

ھۆرمەتلىك گېنىرال م . رىزا بەكىن :

بۇ ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى، ئورتاق بىر تارىخنىڭ ۋە جۇغراپىيىنىڭ ئىچىدە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشىنى باھالاش، كېلەچىگىنى پىلانلاش ئۈچۈن ۋاستە بولۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن . مۇۋەپپەقىيەت تىلەش بىلەن بىللە، مىھمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن .

ئانا ۋەتەن پارتىيىسى باشلىقى :

مەسئۇت يىلماز

ھۆرمەتلىك گېنېرال م . رىزا بەكىن :

شەرقى تۈركىستان ۋەقپى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەكلىپنامىسىنى ئالدىم. تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئالدىراشلىقىمدىن قاتنىشالمىدىم. يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. قىممەتلىك مېھمانلارغا سالام ۋە ھۆرمەتلىرىمنى سۇنىمەن .

بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسى باشلىقى :

مۇھسىن يازىچى ئوغلۇ

ھۆرمەتلىك گېنېرال م . رىزا بەكىن :

نازۇك تەكلىۋىڭىزگە جىددى پىروگراممىلىرىم تۈپەيلى قاتنىشالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلاندىم. يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. يىغىنغا كۈچ چىقارغانلارنى قۇتلايمەن. مېھمانلارغا سۆيگۈ ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن .

دۆلەت مىنىستىرى :

لۇتفى ئەسەنگۈن

ھۆرمەتلىك گېنېرال م . رىزا بەكىن :

جىددى پىروگراممىلىرىم تۈپەيلىدىن قاتنىشالمىغان يىغىن تەكلىۋىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمەن. غەلىبىلىك ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن تەبرىكلەيمەن. سىزگە ۋە بارلىق قاتناشچىلارغا سۆيگۈ ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

دۆلەت مىنىستىرى :

ئابدۇللاھ گۈل

ھۆرمەتلىك گېنېرال م . رىزا بەكىن :

نازۇك تەكلىپىڭىزگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. مىنىستىرلىكتىكى خىزمەتلىرىمنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن ئاراڭلاردا بولالمىغانلىقىمغا ئەپسۇسلىنىمەن. كۆڭلۈم سىلەر بىلەن بىللە. يىغىنىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. قاتناشچىلارغا سۆيگۈ ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

دۆلەت مىنىستىرى : نامىق كامال زەيبەك

# تەبرىك تېلگىراممىلىرى يوللىغانلارنىڭ ئىسىملىگى

( تېلگىرام مەزمۇنى قىسقارتىلدى )

ئىچكى ئىشلار  مىنىسترى :  مەھمەت ئاغىر

ئادالەت مىنىسترى  :  شاۋكەت قازان

مەدەنىيەت مىنىسترى :  ئىسمايىل قەھرىمان

مىللەت ۋەكىلى :  ئالى جۇشقۇن

مىللەت ۋەكىلى :  ئالى تالىپ ئۆزدەمىر

ئالى مائارىپ كومىتېت باشلىقى:  دۇرمۇش يالچىنتاش

تۈرك تىل كومىتېت باشلىقى :  ئەخمەت بىجان ئەرجىلاسۇن

ئىستانبۇل ۋالىسى :  رىدۋان يېنىشەن

ئادانا ۋالىسى :  ئوغۇز قاغان كۆكسەل

ئىستانبۇل بۈيۈكشەھەر باشلىقى :  تايىپ ئەرذوغان

قەيسەر بۈيۈكشەھەر باشلىقى :  شۈكرۈ قارا تەپە

تۈركسوي باش مۇدىر ۋەكىلى :  زىيا يىلماز ئەر

بەگئوغلۇ بەلەدىيە باشلىقى :  نۇسرەت بايراقدار

تۈرك ئوجاقلىرى قەيسىرى باشلىقى :  ئوسمان جەيھان

تۈرك ستاندارتلارى ئىنىستىتوتى باش سىكرىتار ياردەمچىسى : مۇستافا بەكتاش

ئىزمىر تۈرك جەمىيەتلىرى باشلىقى :  جەلال ئوجال

مىللى مائارىپ يۇرت تىشى تەربىيە كومىتېتى :  ئايسال ئايتاج

# 2 ـ قېتىملىق خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلادى

گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىن
( شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى )

1 ـ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئادىل بىر دۇنيا تىنچلىقى ئىچىدىكى بەختىيارلىقى ئارزۇيىمىز .

2 ـ مەدەنىيەتلەر ، دىنلار ، ئىرقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش قوزغاتقۇلۇقىغا خاتىمە بېرىلىشى لازىم.

3 ـ مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆز كىملىكى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدا ئەركىن ، مۇستەقىل ياشىشىغا ئىمكان يارىتىلىشى، ئادىل بولغان رايون خاراكتېرلىق ۋە دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ئاساسى كۈچلەندۈرۈلۈشى لازىم.

4 ـ خىتاي خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن زامان چەتئەل ئىمپېرىيالىستلىرىدىن كۆرگەن زۇلۇم، بېسىم ۋە كەمسىتىشلىرىنى ھەمدە مۇستەملىكە تۈزۈمىنى ، ھەقسىز ھالدا ئىشغال قىلىپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە يۈرگۈزمەسلىكى لازىم.

5 ـ شەرقىي تۈركىستاندا ئىتنىك مىللىي ئازسانلىقلارغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بېسىم، ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ئېزىش توختۇتۇلۇشى كېرەك.

6 ـ شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەن كۆچۈرۈش توختۇتۇلۇشى كېرەك.

7 ـ مەزلۇم تۈرك بويلىرىنى ھەر تەرەپتىن زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقان ، تەبىئەتنىڭ تەكشۈكلىقىنى بۇزىۋاتقان ئاتوم يادرو سىناقلىرى، ئادەملەرنىڭ سىناق قىلىنىشىدەك جىنايەتلەر توختۇتۇلۇشى كېرەك.

8 ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يوق قىلىۋېتىش مەقسىدىدىكى يەنە بىر قىرغىنچىلىق تۈزۈمى بولغان تۇغۇت چەكلىمىسى ۋە مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش جىنايىتى توختۇتۇلۇشى كېرەك.

9 ـ شەرقىي تۈركىستاندا ھەر تۈرلۈك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى سېتىش ۋە 18 ياشقا تولمىغانلارنىڭ چېكىملىك، ئىچىملىك سېتىۋېلىشى چەكلىنىشى كېرەك.

10 ـ شەرقىي تۈركىستاندا يۇقىرى پەللىگە چىققان ـ ئىنسان ھەقلىرى دوكلادلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ ئىشلار ، قانۇنسىز ئۆلۈم جازاسى توختۇتۇلۇشى،

ئوخشىمىغان قاراشتىكى گۇناكارلار قويۇپ بېرىلىشى، تۈرمىدىكىلەرگە خەلقارا ئۆلچەمدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك.

11 - قېرىنداش تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ مەۋجۇتلىقىغا ۋە تەقدىرىگە قاراپ تۇرمايدۇ ۋە قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك.

12 - ئىنسانى خاراكتېر، ئىنسان ھەق ھوقوقلىرى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى غايە قىلغان ۋە قوغدىماقچى بولغان دۆلەتلەرمۇ شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاھ - زارىغا قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك.

13 - دۆلەت باشلىقلىرى قاتنىشۋاتقان تۈرك ئالى يىغىنى ۋە تۈرك دۆلەتلىرى، تۈرك بويلىرى قۇرۇلتىيىدا شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى يىغىن كۈنتەرتىۋىنىڭ ئالدىنقى ماددىلىرى قاتارىدا مۇزاكىرە قىلىنىشى كېرەك.

14 - تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ ، شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى كۆزىتىشى، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىغا ھاۋالە قىلىشى ۋە تېخىمۇ ھوشيار بولۇشى كېرەك.

15 - خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆز خەلقىغە ۋە ئىنسانلىق ئالىمىگە ئۆزىنىڭ سەممىيتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 1982 - يىلىدىكى خىتاي ئاساسقانۇنى ۋە شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئاۋتونومىيە قانۇنىنىڭ ماددىلىرىنى ھەققى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

16 - ئاسىيادا تىنچلىق ۋە خىتاي خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكى، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكى، زامانىۋى، ئىنسانى ۋە ھوقوقى ئەملىيىتى ھەمدە تۈرك - ئىسلام ئالەمى بىلەن بۇ يۈكسەك ئىنسانى تۇيغۇ ۋە ئىستەك دائىرىسىدە ئالاقە قىلىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

خۇلاسىلىغاندا بىز خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئىنسان ھەقلىرى خەلقارا باياناممىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ، ئىنسان ھەقلىرى خەلقارا باياناممىسىدا يېزىلغان :

— مىللەتلەر ئارا مىللەتلەرنىڭ ھەق ۋە باراۋەر ئىكەنلىكى ،

— ھېچكىمنىڭ ئىسكەنجىگە ، غەيرى ئىنسانى ياكى غورورىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش مۇئامىلىسىگە ئۇچرىماسلىقى،

— ھېچكىمنىڭ مەجبۇرى ئىشلىتىلمەسلىگى ۋە مەجبۇرى ئىشقا زورلانماسلىقى،

— ھەر شەخسنىڭ ئەركىن ۋە ئائىلىۋى ھاياتىغا ، ئولتۇراقلىششىغا ھۆرمەت قىلىش،

— ھەر ئىنساننىڭ ئىدىيە ، ۋىجدان ۋە دىنى ھۆررىيىتىگە ساھىپ ئىكەنلىگى،

— ھەر كىمنىڭ ئىپادە ئەركىنلىگى بولۇشى،

— ھېچكىمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قولغا ئېلىنمايدىغانلىقى،

— ھەر كىمنىڭ ھۆر بولۇش، بىخەتەر ياشاش، ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھەققى بارلىقى قاتارلىقلارنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزاسى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

( بېشى 23 - بەتتە )

— مىللەتلەر ئارا مىللەتلەرنىڭ ھەق ۋە باراۋەر ئىكەنلىگى ،

— ھېچكىمنىڭ ئىسكەنجىگە، غەيرى ئىنسانى ياكى غۇرۇرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش مۇئامىلىسىگە ئۇچرىماسلىقى،

— ھېچكىمنىڭ مەجبۇرى ئىشلىتىلمەسلىگى ۋە مەجبۇرى ئىشقا زورلانماسلىقى،

— ھەر شەخسنىڭ ئەركىن ۋە ئائىلىۋى ھاياتىغا ، ئولتۇراقلىششىغا ھۆرمەت قىلىش،

— ھەر ئىنساننىڭ ئىدىيە ، ۋىجدان ۋە دىنى ھۆررىيىتىگە ساھىپ ئىكەنلىگى،

— ھەر كىمنىڭ ئىپادە ئەركىنلىگى بولۇشى،

— ھېچكىمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قولغا ئېلىنمايدىغانلىقى،

— ھەر كىمنىڭ ھۆر بولۇش، بىخەتەر ياشاش، ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ھەققى بارلىقى قاتارلىقلارنى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزاسى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ۋە ناھايەت زورلۇق بىلەن كىرگەن شەرقى تۈركىستاندىن قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىكىنىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

خىتايلار، يۇرتۇڭغا قايتىش !

# ئايدىنلىق ژورنىلىغا جاۋاپ

## شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئىنسانلىق مەسىلىسىدۇر

خىتايغا ئۆۋەتىلگەن ياكى ئۆۋەتىلىدىغان زەربىدار ئەترەت بىلەن ئالاقىمىز يوق.
بىز پەقەت ئۆز بايرىقىمىز ئاستىدا، ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئەركىن ياشاش ۋە
ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇشنى ئۈمىت قىلىمىز.

1 - 1996 - يىلى 27 - ئۆكتەبىردە ۋە 488 - سانلىق ئايدىنلىق ژورنىلىنىڭ 1 - بېتىدە هەمدە هۆرمەتلىك دوغۇ پېرىنچەكنىڭ باشماقالىسىدا تەكىتلەنگىنىدەك « شەرقى تۈركىستانغا زەربىدار ئەترەت ئېۋەتىش ئوپېراتسىيونى » بىلەن ، نە شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ ، نە شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتىنىڭ ئۈزاقتىن - يېقىندىن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق .

2 - شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ 21 - دىن 23 - ئۆكتەبىرگىچە ئۆتكۈزگەن 2. قېتىملىق خەلقارا شەرقى تۈركىستان تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىدا خىتاي دۈشمەنلىگى ئىشلەنمىدى. پەقەت ئاچچىق ۋە تارىخى ھەقىقەتلەر - خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ئىلمي ماقالىلاردا تىلغا ئېلىندى. تۈركىيە ھەربى قوماندانلىق باش شتاب باشلىقى ھۆرمەتلىك گېنىرال قارادايىنىڭ خىتايغا زىيارەت قىلىشىنىڭ ، ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىمىز بىلەن بىر كۈندە بولۇشى پەقەتلا تەسادىپىلىق بولۇپ ، ئەكسىچە بىر چۈشەنچە مەۋجۇت ئەمەس.

3 - هۆرمەتلىك گېنىرال ئادنان دوغۇنىڭ بىز ئويۇشتۇرغان ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشى بىز ئۈچۈن شەرەپلىك بىر ئىشتۇر. يالغۇز ئادنان دوغۇغا ئەمەس، پۈتۈن دۆلەت ۋە هۆكۈمەت باشلىقلىرىغا تەكلىپنامە ئېۋەتىلگەن.

4 - جەمىيىتىمىز ۋە ۋەقپىمىزنىڭ ژورنىلىڭىزدا بايان قىلىنغان « ژاندارما ئىستىقبارات تەشكىلاتى » بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغىنىدەك، بۇ تەشكىلات تەركىۋىدە دېيىلگەن شەرقى تۈركىستان تارمىقىنىڭ بارلىقىنى ژورنىلىڭىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆگەندۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈركىيەدىن ئېۋەتىلگەن ياكى ئېۋەتىلىدىغان گۇرۇپپىنىڭ بارلىغىدىنمۇ

سىزنىڭ ۋاستىڭىز بىلەن خەۋەردار بولدۇق.

5 - جەنۇبى ئاۋغانىستاننى ئۆز كونتروللىقىدا تۇتۇپ تۇرغان گېنىرال رەشىت دوستۇم بىلەن تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قوراللىق ھەرىكەتلەرنى تەشكىللەش ھەققىدە نە رەسمى، نە غەيرى رەسمى ھېچبىر تەشەببۇسىمىز بولمىدى. ژورنىلىڭلاردا بىلدۈرۈلگەنلەر تامامەن خىيالى نەرسىلەر بولۇپ، بىزچە ئىشەنچلىك مەنبەلىرىڭلارنىڭ قەستلىك ئويدۇرمىلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

6 - ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا ھەرخىل قاراشتىكى ، ھەرخىل تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا سىزنىڭ تەرىپىڭىز بويىچە پەقەت تۇرانچى ياكى شەرىئەتچى تارماقلارلا ئەمەس، ئايدىنلىق ژورنىلىنىڭ مۇخبىرى ھۆرمەتلىك دىڭىز ئۆگۈت بەگمۇ بار ئىدى.

7 - ژورنىلىڭىزنىڭ 6 - بېتىدىكى « ۋەقپمۇ، ئامرىكا ئاخبارات تەشكىلاتىمۇ ؟ » ماۋزۇسىدىكى ماقالىدا شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ ئامرىكا ئاخبارات ئورگىنى ياكى مەخپى تەشكىلاتىنىڭ نىقاۋى ئاستىدا ئىشلەيدىغانلىقى ۋە ۋەقپىمىز چىقىرىۋاتقان «شەرقى تۈركىستان ئاۋازى » ژورنىلىنىڭ ، ك . ۋارىكوئو ئىسىملىك تەتقىقاتچىغائاساسلىنىپ، فانداق تەشكىلات ئىكەنلىگىنى جامائەت بىلمەيدىغان شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق سېپىنىڭ نەشر ئورگانى ئىكەنلىگى ھەققىدە ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇلغان . شەرقى تۈركىستان ۋەقپى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋەقپلەر باش مۇدىرلىگى تارمىقىدا قۇرۇلغان رەسمى قانۇنى بىر تەشكىلاتتۇر. ۋەقپىمىزنىڭ ھەرقانداق مەخپى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى يوقتۇر ۋە ھېچكىمنىڭ نىقاۋى ئاستىدا ئەمەستۇر. شەرقى تۈركىستان ئاۋازى ژورنىلى ۋەقپىمىزنىڭ قانۇنى نەشر ئورگىنىدۇر.

8 - ژورنىلىڭىزنىڭ شۇ بېتىدىكى : « شەرقى تۈركىستان ژورنىلىدا تېرورغا مەدھىيە » ماۋزۇسىدىكى ماقالىدا ژورنىلىمىزدىن ئېلىنغان پارچىلار ، دېگىنىڭىزدەك تېرورغا مەدھىيە ئەمەس، ئۆز يۇرتىدا، ئۆز بايراقلىرى ئاستىدا ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلغان خەلقىنىڭ مىللى تۇيغۇلىرىنى ۋە ھەقلىق ئارزۇلىرىنى باستۇرۇپ، مىللى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەت تېرورى ۋە قىرغىنچىلىققا قارشى تىركىشىۋاتقان خەلقىنىڭ كۈرىشىنى ئىپادىلىگەن .

9 - ژورنىلىڭىزنىڭ يەنە 6 - بېتىدىكى : « ئامرىكا ئىستىغبارات تەشكىلاتىنىڭ قىزىل ئالمىسى » ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ رىغا- يول ھۆكۈمىتىگە قىزغىن

ئىكەنلىگى ئىبارىسى قوللىنىلغان. خاتا بىر باھادىن مەنبەلەنگىنىگلارنى ھىس قىلدۇق. بىزنىڭ داۋايىمىز پارتىيىلەردىن ئۈستۈن بولغان بىرمىللىي داۋادۇر. ئىنسانلىق مەسلىسىدۇر. ھۆكۈمەتتە بولغان ھەر پارتىيە بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىنسانلىقىقا ئائىت داۋالارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ھېچبىر پارتىيىگە قىزغىنلىقىمىز يوق. پەقەت خەلقارا تاشقى سىياسەت تۈپەيلى قىلىدىغان ئىشنى قىلمىغانلاردىن پەقەتلا ئەپسۇسلىنىشىمىز مۇمكىن، شۇنچىلىك.

10 - مەرھۇم رەھبەرلىرىمىزدىن ۋە ۋەقپىمىزنىڭ باشلىقلىرىدىن ئىيسا يۈسۈف ئالپتېكىننىڭ «ئامرىكا ئىستىغبارات تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە ھۆججەت» شەكلىدە 7 - بەتتە يەر ئالغان ئىپادە ۋە مەزمۇن ھەققىدە كۆرسىتىلگەن 1969 - يىلىدىكى خەرىتە توغرىدۇر. 1946 - يىلى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان مىللى ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كاتىۋى بولغان بىر كىشىنىڭ بارلىق دۆلەتلەر بىلەن، قانۇنى ئىستىغبارات تەشكىلاتلىرى بىلەن كۆرۈشىشى غايەت تەبىئى ۋە نورمالدۇر. پائول خەنزە، گىراخام فوللېردەك شەخسلەرنىڭ، ئامرىكا ئىستىفبارات تەشكىلاتى - س. ئى. ئەن، ئىسرائىلىيە ئىستىفبارات تەشكىلاتى - موسساد ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ بىزنىڭ داۋايىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈشى بىز ئۈچۈن خوشاللىنارلىق ئىشتۇر. دىپلوماتىيەدە بۇ خىل ئالاقىلار نورمال قارشىلىنىشى لازىم. ھەر ئالاقىنىڭ ئارقىسىدىن بىر مۇناسىۋەت ياساش، بۇقىنىڭ ئاستىدىن موزاي ئىزدىگەندەك ئىش بولۇپ، كەچۈرىسىز، بۇ سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىزدۇر.

11 - ژۇرنىلىڭىزنىڭ 7 - بېتىدىكى «داۋا ئادەملىرى رابىتانىڭ يېپىغا ئېسىلدى» ماۋزۇسىدىكى ماقالىدا ۋەقپ باشلىقىمىزنىڭ بىر ئاخباراتىغا ئاساسلىنىپ، ۋەقپىمىز بىلەن رابىتانىڭ ئورگانىنىڭ مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە تۈيغۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئورگانىڭ بىر مۇناسىۋىتىمىز يوق. خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ھەرخىل ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلساق، رابىتا بىلەنمۇ شۇنداق ئالاقىمىز بار. دۇنيا ئىسلام بىرلىگى تەشكىلاتى - رابىتانىڭ قۇرۇلۇش مەقسىدىگە ئۇيغۇن ھالدا، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەملەرنى بېرىشى تەبىئى بىر ئىشتۇر. بۇلۇپمۇ ۋەقپىمىز باشلىقى م. رىزا بەكىننىڭ 1991 - يىلى 13 - يانۋاردىكى «2000 - يىلىغا توغرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغىنىدەك، سەئۇدى ئەرەبىستاندا خىتاي زۇلمىدىن قاچقان مىڭلارچە شەرقى تۈركىستانلىق ۋەتەندىشىمىز ياشىماقتا. بۇ ۋەتەنداشلىرىمىز بىلەن

مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بولىشىمۇ تەبىئى بىر ئىش ھىساپلىنىدۇ.

12 - ھەر دۇنيادىكى بارلىق تەشكىلاتلارنىڭ يالغۇز سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئامرىكا بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلىشى، بۇ دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۆرۈنۇشلىرى بارلىقى ئېنىق ۋە نورمالدۇر. بىز ئېزىلگەن، خورلانغان، ئىشغالىيەت ئاستىدا تۇرىۋاتقان 30 مىليون شەرقى تۈركىستانلىق ھەق داۋايىمىزنى تۈرلۈك ساھەلەردە ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۆلەتلەر بىلەن، خەلقارا تەشكىلاتلار بىلەن، ھۆكۈمەت سىرتىدىكى تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىمىز كېرەك. قىلغان ئىشلىرىمىزمۇ شۇ ئىدى. تەشكىلاتلىرىمىز ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

13 - ژورنىلىڭىزنىڭ 8 - بېتىدىكى « خىتاي : ملللەتلەرگە رايون خاراكتېرلىق ئاۋتونوم سېستىمى » ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا 8 - خىتاي ئاساسقانۇنى ۋە قانۇنلىرىنىڭ پۈتۈن ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا باراۋەر ئىكەنلىگىنى، ھەرقانداق بىر ملللەتنى ئەزمەك ياكى ئۇنىڭغا قارشى پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىگىنى بىلدۈرۈپسىز. توغرا، خىتاي ئاساسقانۇنىدا شۇنداق بىر جۈملە باردۇر، ئەمما ئەمەلىلەشتۈرۈشتە بۇ ھەقىقەتنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. شەرقى تۈركىستانغا بارسىڭىز بۇنىڭ ئېغىزدىلا قالغانلىقىنى كۆزىڭىز بىلەن كۆرەلەيسىز. مەۋجۇت پۈتۈن قۇرۇلۇشلاردا، فابرىكىلاردا، ئۇنىۋىرسىتېتلاردا ۋە باشقۇرغۇچى ئورگانلاردا تۈرك ئىنسانلىرىنىڭ 2 - ھەتتا 3 - سىنىپ مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلگەنلىگىنى، تۈركىستانلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ قارار بېرىش ھوقوقىنىڭ يوقلىقىغا شاھىد بولالايسىز. شەرقى تۈركىستاندا خەلقىمىز ئىچكى باشقۇرۇشتا سۆزلىگىنىڭىزدەك پۈتۈنلەي ئۆزىگە خوجا ئەمەس ۋە بۇ رايوندا پەقەتلا 5% موڭغول، مانجۇ، شىۋە، تۇڭگان قاتارلىق ئازسانلىقلار ياشىماقتا. رايوندىكى خىتاي نوپوسى بولسا، ئىچكىرىدىن مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەن ۋە تۈرك نوپوسىنى ئاسمىلئاتسىيە قىلىش مەقسىدىدىكى خىتاي كۆچمەنلىرىدۇر.

يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، شەرقى تۈركىستان چىگرىسى ئېنىق بولغان تۈرك ئىسلام ۋەتىنىدۇر ۋە بۇ تۇپراقلاردا ياشىغان 30 مىليون تۈرك ئازسانلىق ئەمەستۇر. چۈنكى ھېچبىر مىللەت ئۆز تۇپراقلىرىدا ئاز سانلىق نامىنى قوبۇل قىلمايدۇ. نوپوس ھەققىدە قەستەن خاتا رەقەملەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. شەرقى تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ دىگىنىدەك 7 مىليون 200 مىڭ ئۇيغۇر ئەمەس، 28 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار،

ئۆزبەك، سالار قاتارلىق تۈرك نوپۇسى باردۇر. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا: «ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى كۆپچىلىگى كۆچمەن هايات كەچۈرگەن رايون خەلقىنىڭ ئىنقىلاپتىن كىيىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا، يەرلەشمە هاياتقا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، تاشيوللارغا ئېرىشكەنلىگى» نى بىلدۈرۈپسىز. بۇ ئىپادىلەرنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە يالغاندىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى هۆرمەتلىك دوغۇ پىرىنچەك بىزدىنمۇ ياخشى بىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. ئىنقىلاپ دىگىنىڭىز، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قانلىق هۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشى بولسا كېرەك. هالبۇكى دىگىنىڭىزدەك ئەمەس، ئىنقىلاپتىن ئىلگىرىلا، ئەسىرلەردىن بېرى تۈركلەرنىڭ ماكانلاشقانلىقى، تۈنجى يەرلەشمە شەهەرلىرىنى قۇرغانلىقى، سۇ ئىنشائاتلىرى، تېرىلغۇ، يىپەك يوللىرىنى ئاچقانلىقى دۇنيا تارىخچىلىرى ۋە ئارخىئولوگلىرى تەرىپىدىن ئىتىراپ قىلىنغان هەقىقەتتۇر. بىز ناهايىتى بىلىملىك، مەدەنى، هەقىقەتچى دەپ تونۇغان هۆرمەتلىك پىرىنچەكنىڭ بۇ خىل هەقىقەتتىن يىراق ئىپادىلەرنى ژورنىلىدا ئېلان قىلىشىنى هېچ تەسەۋۋۇر قىلالمىدۇق. خۇلاسىلاش توغرا كەلسە، ژورنىلىڭىزدا يېزىلغانلار خىيالى كىنولاردىن ئىبارەتتۇر. يازغانلىرىڭىزنى گۈزەل بىر چۆچەك ئوقۇدۇق. بۇ چۆچەكنىڭ يالغۇز توغرا تەرىپى شۇكى، بىز هۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار مەيلى دۇنيانىڭ قايەرىگە بارمايلى مۇتلەق خىتايغا قارشى داۋاملىق هەرىكەت قىلىمىز. تاكى ئىنسانلارنىڭ ئاساسى هەققى بولغان «ياشاش هەققى»، «ئەركىنلىك هەققى» بېرىلگەنگە قەدەر ۋە بۇ هەرىكەتتىن مەقسىدىمىز، قانۇنى دائىرە ئىچىدە، خەلقارا ئىنسان هەقلىرى بايانىنامىسى نۇرى ئاستىدا، خىتاينىڭ ئاساسقانۇنى ۋە ئاۋتونومىيە قانۇنىدا بىلدۈرۈلگەن هەقلىرىمىزنى ئىلىشتۇر. خىتاي خەلقىنىڭمۇ بىز بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىدە ئىكەنلىگىگە ئىشىنىمىز. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز خىتاي خەلقى ئەمەس. خىتاي كوممۇنىستلىرىدۇر. خىتاي دۈشمەنلىگى بىزدە يوق. بىز مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقلال داۋاسىنى قىلىۋاتىمىز. خىتايدىن زىمىن نەلەپ قىلغىنىمىز يوق. پەقەت بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ زىمىنىدىن چىقىپ كىتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. ئەلۋەتتە هاياتلا بولىدىكەنمىز، دۇنيانىڭ قايەرىدە بولمايلى، ئىنسانلارنىڭ ئاساسى هەققى بولغان «ياشاش هەققى» دەپسەندە قىلىنغان، خالىغانچە قانۇنسىز هۆكۈملەر ئىجرا قىلىنغان، دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرى ئىنسان قىلىپدىن چىققان تۈزۈملەرگە دۈچ كەلگەن خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىدە ۋە 1949 - يىلىدىن بېرى ئۇنىڭ ئىشغالىيىتى ۋە ئىستىلاسى ئاستىدىكى شەرقى تۈركىستاندىكى ئاچچىق هەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش

مەخسىدىمىزدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز بىر ھەقىقەتتۇر. ئىنسان ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئىمپېرىيالىستىك چۈشەنچە ھەم كۈچلەرگە قارشى تۇرىدۇ دەپ تونۇغان ھۆرمەتلىك پىرىنچە كىنىگمۇ مۇسۇلمان، تۈرك ۋە بىر ئىنسان سۈپىتىدە كامبودژا ، ۋېتنام ، بوسنا-ھەرسەكلەردىكىگە ئوخشاش شەرقى تۈركىستاندىكى، تىبەتتىكى، موڭغۇلىستاندىكى، مانجۇرىيەدىكى مىليونلارچە ئىنساننىڭ ئەركىنلىك داۋاسىنى بىز بىلەن بىرلىكتە مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز !

بۇ باھالىرىمىزنىڭ - جاۋاپلىرىمىزنىڭ ئايدىنلىق ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىپ ، ھۆرمەت بىلەن :

شەرقى تۈركىستان ۋەقپى يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى

تارىخى يىپەك يولىنىڭ

زامانىۋى كارۋان بېشى ئارىف ئاشچى :

## « ئۆمرۈمنى شەرقى تۈركىستانغا بېغىشلايمەن »

تارىخى يىپەك يولىنى بېسىپ ئۆتۈش مەقسىدىدە 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ختاينىڭ شىئەن شەھىرىدىن يولغا چىققان ئارىف ئاشچى ۋە ئۇنىڭ ئۆمگى تەتقىقات سەپىرىنىڭ بەش ئاي سۈرگەن دەسلەپكى قىسمىنى تاماملاپ قىرغىزىستانغا كەلدى.

ختايدىن قىرغىزىستانغا ئۆتكەن سەنئەت تارىخچىسى ۋە فوتوگراف ئارىف ئاشچى بەش ئاي داۋام قىلغان سەپىرىدە ھەممىدىن بەك شەرقى تۈركىستاندىن تەسىرلەنگەنلىكىنى سۆزلىدى. ئاشچى « ئاتوم سىناقلىرى » تەسىرىدىن بۇ رايۇندا رادىئاكسىيونىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، ئۆمۈر بويى شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

تۈركچە تىلنى پەقەت شەرقى تۈركىستاندا ئىشلەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن زامانىۋى كارۋان باشى ئاشچى : « بۇ يەردىكى مۇسۇلمان شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى خاتىرىلەر قالدۇردۇق. ئەپسۇسلىنىپ ئۇقتۇرىمەنكى، بۇگۈنكى دۇنيادا ئەڭ چوڭ بېسىم ئاستىدا ياشاۋاتقان بىر مىللەتنى كۆردۇق. بىزنى ئۆزلىرىنىڭ نەۋرىلىرى دەپ خىتاپ قىلىپ ، ختايلارنىڭ زۇلۇملىرىنى شىكايەت قىلىپ : ھەرگىز ئىسمىمىزنى ئېلان قىلماڭلار ، - دەپ قاتتىق يالۋۇردى » ، - دېدى.

# شەرقىي تۈركىستان تارىخى

مەھەممەد ئىمىن بۇغرا

(ئەسكەرتىش: ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس سانلار سەۋەبىدىن «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نىڭ داۋامى ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ ساندىن باشلاپ قالغان يەردىن داۋام قىلىمىز.)

(شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى ژورنىلى، تەھرىر ھەيئىتىدىن)

## قەدىمكى زامانلاردىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە

(بېشى 44 ـ ساندا)

قەدىمكى زامان تۈرك ۋە چىنلار ئارىسىدىكى سىياسى ۋە تارىخى مۇناسىۋەتلەر، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «شەرقىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورخۇن بويىدىكى دۆلىتى» يىقىلغاندىن كېيىن ئۈزۈلدى. چۈنكى، ئۇندىن كېيىن چىڭگىز خان دەۋرىگىچە تۈرك ۋە چىنلار ئوتتۇرىسىدا مۇھىمراق بىررەر ھادىسە يۈزبەرمىگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، قەدىمكى زاماندىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە تارىخى كىتابلاردە يېزىلغان، تۈركلەر ھەققىدىكى يالغان بۇھتانلار ۋە چىنلار توغرىسىدىكى رىياكارلىق لەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى مۇھتەرەم ئوقۇرلارغا تەقدىم قىلماق مەقسىدى بىلەن، چىن تارىخچىلىرىنىڭ ئۆز ئىقرارلىرىدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىمىز:

چىن تارىخلىرىدا ۋە ئۇنى مەنبە قىلىپ ئالغان زامانىۋىي تارىخ كىتاپلىرىدا، قەدىمكى تۈركلەرنى «ۋەھشى»، «سوقۇشقاق»، «قان ئاقتۇرىدىغان» ۋە «تالانچى (بولاڭچى)» دەپ يازىدۇ. يەنە

شۇ چىن تارىخچىلىرى، تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ھىس قىلىشىپ، تۈركلەر ھەققىدىكى ئۇ سۆزلىرىنىڭ پەقەت، قەلەم ئىنتىقامىدىن ئىبارەت بۇھتان ئىكەنلىكىنىمۇ ئىقرار قىلىدۇ. شۇنداقلا، تۈرك سىياسىتىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانىيەتچىلىك توغرا - كۆكۈللۈك ۋە ئىززەت - نەپس دىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. ۋە يەنە، چىن تارىخچىلىرى چىن مەدەنىيىتىنى ۋە سانائەتىنى دايىم ماختاپ يازغان بولسىمۇ، چىنىنىڭ سىياسىتىنى ئىستىلاچى، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ھىلىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا بەزى يەردە مەجبۇر بولماقتا. بۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككى پەسلدە بايان قىلىمىز.

## تۈرك سىياستى تىنچلىقپەرۋەرلىك، ئىنسانىيەتلىك، توغرا كۆكۈللۈك ۋە ئىززەت نەپس دىن ئىبارەت

ھۇن، جۇجان، كۆكتۈرك ۋە باشقا تۈرك - ئىمپىراتورلىرى بىلەن چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن ئۇرۇش ۋە تىنچلىق كېلىشىم ۋەقەلىرىنى، تارىخچىلار نىڭ ھەممىسى چىن تارىخلىرىدىن ئالغان. پۈتۈن بۇ تارىخى كىتاپلاردا، تەپسىلى رەۋىشتە رىۋايەت قىلىنغان ۋەقەلاردە، ھۇنلارنىڭ، جۇجانلارنىڭ ۋە ياكى كۆكتۈركلەر نىڭ چىنغا قىلغان ھۇجۇملىرى دايىما، چىنىنىڭ زالىملارچە تاجاۋۇزلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكى، پىكىر بىرلىكى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چىنلار «سەددى چىن سېپىلى» نى تۈركلەر نىڭ باسقىن ۋە تالانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سېلىشقا مەجبۇر بولغان دېگەن سۆز مۇ، تۈركلەرگە قىلىنغان بۇھتان دۇر. سەددى چىن سېپىلىنى سېلىش لىرىدىكى سەۋەپ، ھۇن دۆلىتىنىڭ مۇدھىش بىر سۈرئەتتە يۈكسىلىشى دىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن، شۇچاغدىكى چىن ئىمپېراتورى چەانگ (چىڭسخۇاڭ) ھۇنلاردىن ئەسكىري كۈچ بىلەن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ، تۈرك ۋە چىن

ئۆلكىلىرى ئوتتۇرىسىغا «ئىشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان» بىر توسالغۇ سېلىش مالىخۇلياسىغا (مەنتىقسىز ھەرخىل خىياللارغا چۈشىدىغان بىرخىل ئەسەبىي كېسەللىككە) مۇپتىلا بولدى. چىڭگىسخۇاڭ پەقەت، بۇ قورقۇ ۋە ۋەسۋەسە نىڭ تەسىرى ئاستىدا، بۇ سېپىلنى سالدۇرغان ئىدى. تۈركلەر، ئەگەر چىن تارىخچىلىرىنىڭ دېگەنلىرىدەك، ۋەھشى ۋە ياكى باش - باشتاق ئىنتىزامسىز بىر تالانچى خەلق بولغان تەقدىردە، چىن دەك نوپۇسى كۆپ، قورال - جابدۇقلىرى تولا ۋە مۇكەممەل ئەسكىرى كۈچى بولغان بىر دۆلەت، ئۆزىنى ئۇلاردىن غايەت ئاسانلىق بىلەن مۇداپىئە قىلالايتتى ۋە سېپىل سالماق ئۈچۈن مىليۇنلارچە ئىنسانىنى، يىللارچە مۇشەققەتلىك ئىشقا سېلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوقتى. ۋەھالانكى، بۇ سېپىلنى سېلىش جەريانىدا، يېرىم مىليون ئادەمنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئاستىدا ئۆلگەنلىكى، چىن تارىخلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

چەانگ (چىڭگىسخۇاڭ) ھايات ۋاختىدا، بۇسېپىل مۇكەممەل بىر ئىستىھكاملىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئۈستىدە داۋاملىق تۇرغۇزۇلغان بىر مىليۇندىن ئۇشۇقراق چىن ئەسكەرى كۈچى، ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىشنى ئاسانلاشتۇرغان بولسىمۇ، چىن ئىمپېراتورى خىيال قىلغىنىدەك، پەۋقۇلئاددە بىر توسالغۇ بولالمىدى. چۈنكى، كېيىنچە ھۇن ئەسكەرلىرى، بۇ سېپىلنى ھېچ كۆزگە ئىلماي، بۆسۈپ ئۆتۈۋەردى. بىر ياۋرۇپالىق سەياھەتچى، ئۆزىنىڭ سەددى چىن سېپىلى ھەققىدە يازغان كۆزقاراشلىرىدا، مۇنداق دەپ يازىدۇ. «سەددى چىن سېپىلنى سېلىشنىڭ سەۋەبى، تارىخچىلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تۈركلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى، بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇ زامانىدىكى، شەھەر لارنى سېپىل بىلەن ئاھاتە قىلىپ (چۆرىدەپ) سېلىش ۋە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىغا سېپىل ۋە قەلە سېلىش ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، بۇنداق سېپىللەر ئۇ زاماندا دۇنيا نىڭ ھەربىر جايلىرىدا سېلىنىۋاتقان بىرچاغ ئىدى. چىنىنىڭ

باشقا جايلىرىغا سىلىنغان بۇنداق سىپىللار، زامان ئۆتكەنسىرى، بەزىلىرى تامامەن يوق بولدى، بەزىلىرىنىڭ ئاز - تولا ئەسەرلىرى غىنە قالدى. ئەمما، شىمالى چىنىنىڭ تۇپرىغى ئىنتايىن قاتتىق جىنىستىن بولغاچ، سەددى چىن سېپىلى هازىرغىچە يېقىلماي ساق قالغان.»

تۈركلەر غەلىبە قىلغان چاغلىرىدا، پۈتۈن چىننى قول ئاستىلىرىغا ئېلىپ، چىنىنىڭ چەكسىز بايلىقلىرىنى ئىگەللەپ ئېلىشلىرىغا هېچ بىر توسالغۇ قالمىغان چاغلاردىمۇ، چىننى ئۆزىنىڭ بىر مۇستەملىكىسى قىلمىدى. چىن ئىمپېراتورىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن قانائەت قىلدى، ئىستىقلالىنى يېقمىدى. مەغلۇپ بولغان، ئەسىرلىك هالىتىگە چۈشۈپ پۈتۈن ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن چىن ئىمپېراتورى، سۇلھ تەلەپ قىلسا، تۈرك هۆكۈمدارلىرى دەرهال كېلىشىم تۈزۈپ سۇلهىگە ماقۇل بولاتتى.

چىنىنىڭ ئەسكىرى كۈچى ئاجىزلىشىپ هەربى يۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتى هېچ قالمىغان چاغلاردا، تۈركلەر زور ئەسكىرى كۈچ ۋە هەرىكەت قابىلىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، چىنىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا هۇجۇم قىلىپ ئىستىلاقىلىش قەستلىرى بولمىدى. بەلكى، بۇنى ئىككى خوشنا مىللەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە باياشات ياشىماق ئۈچۈن مۇهىم بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ چىنغا دوستلۇق قولىنى ئۇزاتقان ۋە ئىچكى ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن مۇهىم ياردەملارنى قىلغان. بۇهەقتىكى مىساللار چىن تارىخلىرىدا تولا ئۇچرايدۇ. چىندە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىچكى ئىسيان ۋە قان تۆكۈلۈشلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن چىن ئىمپېراتورلىرىغا، تۈرك هۆكۈمدارلىرى كېلىپ ياردەم قىلغان، ئامانلىق ۋە تەرتىپ - ئىنتىزام ساقلانغاندىن كېيىن، يۇرتىنى ئۆز ئەهلىگە قويۇپ بېرىپ قايتىپ چىققان. مانا، بۇنداق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، تۈركلەرنىڭ چىننى ئىستىلا قىلىش نىيەتلىرى بولمىغانلىقى، تارىخنى ئوقۇغان هەر قانداق كىشىنىڭ كۆز

ئالدىدا قايتا - قايتا نامايان بولىدۇ. بۇلار نىڭ ھەممىسىنى، چىن تارىخلىرىدا ۋە ياكى چىن تارىخلىرىنى مەنبئە قىلىپ يېزىلغان زامانىۋي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن.

چىن تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، چىن ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا، تۈركلەر غالىپ بولغاندىن كېيىن، قولغاچۈشۈرگەن چىن تۇپراقلىرىدا، چىن ئاھالىسىنى قەتلئام قىلغان ۋە ياكى، شەھەرلىرىنى ۋىران قىلغانلىقلىرىغا دائىرە ئىشەنچ قىلغۇدەك ھېچ بىر رىۋايەت بايان قىلىنمايدۇ.

تۈرك ئىمپېراتورلىرى چىن دىن مەغلۇپ بولۇپ كۈچسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدىمۇ، ھېچبىر زامان چىنغا بويسۇنۇشنى ، باج - سېلىق تۆلەپ قول ئاستىدا تۇرۇشنى قوبۇل قىلمىغان. شەرەپسىز ھايات ياشاشتىن، جاسارەت بىلەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ شەرەپلىك ھالدا ئۆلگەن. بىر مەزگىل ۋاختلىق چىنلارغا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلغانلار بولسا، بەزى كىچىك خانلار ۋە ياكى، تۈرك ئىمپېراتورىغا خىيانەت قىلغان بەزى ئىسيانچىلار دىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، تۈرك ئىمپېراتورلىرىدىن ھېچ بىرىنىڭ ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت چىن تارىخلىرىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

## چىن سىياستى
## ئىستىلاچىلىق، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ھىلەگەرلىك.

تۈركلەرنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىشىپ قالسا، چىن ئىمپېراتورلىرى دەرھال پۈتۈن تىنچلىق كېلىشىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئامانلىقى ۋە راھىتىنى ھېچ نەزەرگە ئالماستىن، تۈرك يۇرتلىرىغا ھۇجۇم باشلايتتى. چىنلار بېسىپ كىرگەن جايلاردا قەتلئام قىلغان، شەھەرلارنى ۋىران قىلغان، قەتلئامدىن ساق قالغان بىگۇناھ خەلقلەرنى ئۆز يۇرتلىرىدىن ھايدەپ چىقىرىپ چۆل - باياۋانلاردا ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلغان، چىننىڭ يىراق - بولۇڭلىرىغا سۈرگۈن قىلىپ ئۇلارنى زور بىلەن چىنلاشۇرغان غا ئوخشاش قەبىھ قىلمىشلىرى كۆپدۇر. بۇخىل ۋەھشىلارچە زۇلۇم سىياسەتلىرىنى

چىنىنىڭ مۇتەئەسسىپ ۋە ئىنتىقامچى تارىخچىلىرى پەخىرلىنىپ يېزىشىپ خوشاللىنىپ كېتىشىدۇ. ھازىرقى موغۇلىستان (مۇڭغۇلىيە) دىكى چىنىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بارغان بىرقانچە قېتىملىق قەتلىئاملىرى نەتىجىسىدە بۇ ئۆلكىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. شەرقىي تۈركىستاندا قۇمۇل، باركۆل، قۇجۇ، لولان قاتارلىق ئۆلكىلەر، بىرقانچە قېتىم چىن ئەسكەرلىرى تەرەپىدىن خاراپ قىلىنغان ۋە خەلقلىرى قەتلىئامغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. بۇ ئۆلكىلەر ئىچىدە يىگىرمىگە يېقىن شەھىرى بولغان لولان ئۆلكىسى، چىنىنىڭ قەتلىئام ۋە بۇزۇپ - چېقىشى بىلەن پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ بىر چۆلگە ئايلاندى. مىلادىنىڭ 1757 - يىلى(ھىجرىينىڭ 1172 - يىلى) چىن ئەسكەرلىرى پۈتۈن بەشبالىق ۋە ئىلى ئۆلكىسىنىڭ ئاھالىسىنى قەتلىئام قىلغاندىن كېيىن، ساق قالغانلارنى چىنغا سۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. نەتىجىدە، بۇ ئۆلكىلەر بىرقانچە يىل ئادەمسىز بىر يەرگە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنچە، ئالتى شەھەر ۋە تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەنگەن تارانچى(دېھقان) لارنىڭ بۇ ئۆلكىلەرنى يېڭىۋاشتىن ئاۋات قىلغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ھەممە كىشى بىلىدۇ. چىن تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقلىرىدىن لەززەت ئالغان ھالدا مەغرۇرلىنىپ بايان قىلىدۇ.

چىن دۆلىتى، ئاجىزلاشقان چاغلىرىدا ۋە ياكى تۈركلەرنىڭ كۈچى ئاشقان زامانلاردا، چىن ئىمپىراتورلىرىنىڭ تۈركلەرگە قىلغان خوشامەتلىرى ۋە تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغا، شاھزادىلىرىغا، ھەتتا كىچىك خانلارغا قىزلىرىنى بېرىپ، چىنىنىڭ ئېسىل ۋە نەفىس ماللىرىنى سوغات قىلىپ، بۇ دۇرۇست، كۆڭۈلى تۈز قەھرىمان خەلقنى ئۆزىگە دوست قىلىپ، بۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىدىن(بېسىپ كېلىشلىرىدىن) ساقلىنىش ۋە ياكى ئۇلار نىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش نىيىتىدە بولغانلىقلىرىغا دائىر مىساللەرنى، چىن تارىخلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ، يۇقىرىدا تولا زىكرى قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمما، چىنلىقلار نىڭ بۇ ھەرىكەتلەردىن مەقسەتلىرى، تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىك بولماستىن

بەلكى، قۇدرەتلىك ئىتتىپاقى ۋە كۈچلۈك ئەسكىرى قۇۋۋەتى جەھەتتە، چىنلاردىن ئۈستۈن بولغان تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ، پىتنە - پاساتنىڭ ئۇرىغىنى چېچىشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈركلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، دۆلىتىنى يېقىتىپ يۇرتلىرىنى ئىستىلاقىلىشنى مەقسەت قىلغان. تىنچلىقپەرۋەر ۋە كۆڭلى تۈز تۈركلەر، چىنلىقلارنىڭ بۇنداق ھىلە - مىكىرلىك قىسماقلىرىغا خېلىپى كۆپ چۈشتى. بۇ ۋەقەلەرنى، كۈلتېكىن ئابىدەسى(مەڭگۈتېشى) دا بىلگە قاغان، ئىنتايىن چوڭقۇر، چۈشۈنۈشلۈك ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغان.

چىن دۆلىتى، مەيلى كۈچلۈك ۋاختىلىرىدا بولسۇن ۋە ياكى كۈچى ئاجىزلاشقان چاغلىرىدا بولسۇن، تۈرك مىللىتىنى ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى دەپ بىلگەن. مەيلى تىنچلىق دەۋرلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئۇرۇش زامانلىرىدا بولسۇن، ھېچقاچان ئىنسانىيەتلىك ۋە ياكى توغرىلىقتا (دۇرۇسلۇقتا) تۇرمىغانلىقى، تارىخ سەھىپىلىرىدىكى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. مانا بۇلار، خاس چىن تارىخىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن ئېلىنغان چۈشەنچە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنساپ بىلەن قارايدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ نەزىرىدە ئوپئوچۇق ئىسپاتلانغان بىر دەۋا دىن ئىبارەتتۇر. (داۋامى بار)

# ئۇيغۇرلار 1233 - يىلىدىن بۇيان ئامېرىكادا

## ئەشرەپ بەنگى ئۆزبىلەن

تۈركىيە تارىخ ژورنىلى 118 - سان ماقالىسى

قىزىل تەنلىكلەرنىڭ تۈركلىگى ۋە مەلىجانلاركەبى ئامېرىكادا تۈرك مەۋجۇتلىگى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن كېيىن، يېپ - يېڭى بىر ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقتى .

ئېتخىل گ . ستېۋارتنىڭ « مىلادىدىن كېيىنكى 1233 - يىلىدا دەنە ۋە نادەنە قىزىل تەنلىكلەرنىڭ كۆچۈشى » ، « چىنگىزخاننىڭ ئالدىدىن ئامېرىكاغا قېچىش » ناملىق 566 بەتلىك كىتاۋى نەشىردىن چىقتى. كانادالىق تەتقىقاتچى ئېتخىل ستېۋارت 40 يىل ھاياتىنى سەرپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان كۆتۈلمىگەن ئەمەلىيەت - ئۇيغۇرلار 1233 - يىلىدىن بۇيان ئامېرىكادا ياشىماقتا .

بىرىتىش كولومبىيەدە ياشاۋاتقان تىلىنگىتلەر بىلەن كانادادىن مېكسىكاغا قەدەر ئۆزىغان توپراقلاردا تارقىلىپ ياشاۋاتقان ئاتاپاسكان تىل سېستېمىسىغا مەنسۇپ قىزىل تەنلىكلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئاپاچىلار ۋە ناۋاھولار بار. ئۇلارنىڭ چىنگىزخاننىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنىدىن قاچقان ئۇيغۇر ۋە نايمان تۈركلىرى بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان ئورتا ئاسىيا قەبىلىلىرىنىڭ جەمەتىدىن كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلالماس شەكىلدە ئىلمىي يوسۇندا ئىسپات قىلغان ، بۇ پەۋقۇلئاددە كىتاپ 15 بۆلۈمدىن تەركىپ تاپقان.

1 -، 2 - ۋە 3 - بۆلۈملەردە كىرىش سۆز، بېغىشلىما ۋە دەنە ، نادەنەلەر ھەققىدىكى بىلىملەردىن كېيىن، 4 - بۆلۈمدە دەنەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاسىيانىڭ تىجارەت ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان ۋە يىپەك يولىنىڭ بۈگۈنگىچە بىلىنمىگەن لېنىيىلىرى بايان قىلىنغان. 5 - بۆلۈمدە دەنەلەرنىڭ دىنى ئېتىقاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆپ دىنى ئېتىقاتلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. 6 - بۆلۈمدە دەنەلەرنىڭ ئەجدادى ئۇيغۇرلارنىڭ 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخى، ئۇيغۇر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يىمىرىلىشتىن كېيىنكى تېرىقچىلىق ۋادىلىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرى ۋە ئۇيغۇرلاشقان قۇچىنلارنىڭ كىدانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى تەتقىق قىلىنغان. 7 -

بۆلۈمى پۈتۈنلەي نايمان قەبىلىلىرىگە بېغىشلانغان. 8 ـ بۆلۈمدە شائىر قۇچىن قەبىلىلىرىنىڭ چىنگىزخانغا تەۋە بولغان قارا خوجا ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى شەرھىلەنگەن. 9 ـ بۆلۈمدە تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىن قاچقانلار ۋە نافاپودىن كەلگەنلەر ، مىكسىكادىكى ناۋاھۇلار ھەققىدە توختالغان. 10 ـ بۆلۈمدە موڭغۇللارنىڭ شىيالارنى يوق قىلىشىنىڭ دەنە ئەنئەنىلىرىگە بولغان تەسىرى ھەققىدىكىلەر ، 11 ـ بۆلۈمدە چوڭشىكلارنىڭ 1235 ـ يىلى ئەتراپىدا بۈيۈك ئۆلكە ( ئامىرىكا ) گە كۆچۈشى بايان قىلىنغان. 12 ـ بۆلۈمدە دەنىلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېتىنىك مەنبەلىرى تەتقىق قىلىنغان. 13 ـ ، 14 ـ ۋە 15 ـ بۆلۈملىرى سۆزلۈك، بىبلىوگرافىيە ۋە ئىندېكس بىلەن تاماملىنىدۇ.

( ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر تەرجىمىسى )

## ھۈسەيىن سالىھ تارانچى خاتىرىلەندى

جەمىيىتىمىز ۋە ۋەقپىمىزنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىدىن تارانچى قېرىنداشلىرىنىڭ دادىسى مەرھۇم ھۈسەيىن سالىھ تارانچىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى زەيتىنبۇرنۇدىكى ئەمىنە ئىنانچ ۋەقپى زالىدا مەۋلۇدى ـ شەرىف مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ۋە نەزىرە بېرىلدى. مۇراسىمغا نۇرغۇن ھەمشەھەرلەر قاتناشتى.

## غەيرەتۇللاھنىڭ تاغىسى ۋاپات بولدى

شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئۇتلۇق ، پىداكار قوغدۇغۇچىلىرىدىن قىممەتلىك دوستىمىز خىزىربەك غەيرەتۇللاھ نىڭ ئىزمىردىكى تاغىسى ۋاپات بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقى تۈركىستان ۋەقپى ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى رەھبەرلىگى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە غەيرەتۇللاھتىن سەممى ھال سورايمىز.

# قايغۇلۇق ماتەم خەۋىرى

شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاتىسى ، ئاتاغلىق كاپىتالىست ،
ۋەتەنپەرۋەر مۇتىۋەرىمىز ، بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ سىمۋولى ،
سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاقساقالى

# ئابدۇلغافۇر ئەمىن قەشقەرى

1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جىددەدە ۋاپات بولدى



مەرھۇم ئابدۇلغافۇرھاجىم ئەمىن قەشقەرى 1915 ـ يىلى شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھرىنىڭ قورغان مەھەللىسىدە تۇغۇلدى ۋە كىچىك يېشىدا ئائىلىسى بىلەن بىللە غۇلجا شەھرىگە كۆچتى . 1930 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى. رىياد شەھرىدە بىر مەزگىل تىجارەت بىلەن شوغۇللانغان ئابدۇغافۇر ھاجىم كېيىن جىددەگە كېلىپ يەرلەشتى ۋە ئابدۇغافۇر ئەمىن ۋە شېرىكلىرى تاشقى تىجارەت شېركىتىنى قۇردى. بۇ شېركەت كېيىن ئائىلە شېركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

مەرھۇم ھايات مەزگىلىدە، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن كۆپ ھەسسىلەر قوشتى، شەرقى تۈركىستان ۋەقپىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ۋەقىپ خىزمەت بىناسىنىڭ ئېلىنىشىدا زور تۆھپە قوشتى. شەرقى تۈركىستان ياشلىرىنىڭ ھۆر دۇنيادا بىلىم ئېلىپ يېتىلىشى ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە ئالاھىدە رول ئوينىدى.


مەرھۇم كېيىنكى يىللاردا بىر قانچە قېتىم ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستانغا بېرىپ، مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىشغالچىلار تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئۆلۈمىدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرىلا، ۋەتىنىگە بېرىپ غۇلجادا مەسچىد ياساش تەشەببۇسىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ھوكۇمرانلارنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچراپ كۆپ مەيۈسلەنگەن ئابدۇغافۇر ھاجىم ئەرەبىستانغا قايتىپ كەلگەن ئىدى.

مەرھۇم ئابدۇغافۇر ھاجىم قولىدىكى ماددى ۋە مەنىۋى ئىمكانلىرىنى ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان مەردانە يىگىت بولۇپ، شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ھىمايىچىسى ۋە مىللەتنىڭ مۇتىۋەرى ئىدى. ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەن شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ھەمكارلىشىپ، ھېچبىر ئايرىمچىلىق قىلماستىن، بىرلىك ، باراۋەرلىك ۋە مەرتلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ، مىللىتىنىڭ ھۆررىيىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى قوللاپ ۋە ھىمايە قىلىپ ، ھېچقانداق ياردىمىنى ئايىمىغان ئىدى. مېھماندوستلۇقنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئابدۇغافۇر ھاجىم ھەجگە، ئۆمۈر ھەجگە ۋە زىيارەت بىلەن كەلگەن شەرقى تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىنى زىياپەتلەر بېرىپ مېھمان قىلاتتى ھەمدە ئۇلارغا قېرىنداشلىق ياردەمدە بولاتتى.


- مەرھۇم ئابدۇغافۇر ئەمىن قەشقەرى ھاجىمنىڭ ئارىمىزدىن ئايرىلىشى بىز شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر مۇسىبەتتۇر. ئۇنىڭ ئۆلۈمى شەرقى تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن بۈيۈك يوقۇتۇشتۇر. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئۆز ئىدىيىسىگە ۋە ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتچى ئەۋلاتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنلىگىدىن ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرەلەيمىز.

مەرھۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ئەمىن ئابدوغوپۇر دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالغان تۈركىستان تەلەبە فوندى ئارقىلىق ھەر قايسى دۆلەتلەردە تەلىم ئېلىۋاتقان يۈزلەرچە شەرقى تۈركىستانلىق ياشلارغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولماقتا.

بىز شەرقى تۈركىستان ئاۋازى ژورنىلى مەرھۇم ئابدۇلغافۇر ھاجىمغا جانابى ئاللاھتىن رەھمەت ۋە مەغفىرەت تىلەيمىز. ئائىلىسىدىكىلەردىن، پۈتۈن شەرقى تۈركىستانلىقلار نامىدىن سەممىي ھال سورايمىز.



مەرھۇم ئابدۇلغافۇر ھاجىم ۋەتەندە قېرىنداشلار ئارىسىدا



مەرھۇم ئابدۇلغافۇرھاجىم ( ئوتتۇردا ) ئوغلى ئەمىن بەگ بىلەن بىللە

# ئىسا يۇسۇف ئالپتېكىن خاتىرىلەندى

شەرقى تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مەرھۇم ئىسا يۇسۇف ئالپتېكىن ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ، قەۋرىسى بېشىدىكى خاتىرە يىغىنى ۋە مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلگەن خەتمە دۇئاسى ھەمدە مەۋلىدى شەرىف مۇراسىمى بىلەن خاتىرىلەندى.

قېرىنداش تەشكىلات شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن خاتىرىلەش مۇراسىمىدا جەمىيەت نامىدىن دوختۇر ئەرپولات دۆنمەز ، پىروفېسور دوكتور ئابدۇلقادىر دونۇق ۋە دۇئاخان ئادەم ئېرىم ئۇستاز بىلەن رىفا پارتىيىسى زەيتىنبۇرنۇ ئىلچى باشلىقى سۆزلىدى. زەيتىنبۇرنۇ ئەمىنە ئىنانچ مەسچىتىدە ئىسا ئالپتېكىن ۋە شەرقى تۈركىستان شەھىدلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن مەۋلىدى شەرىف مۇراسىمغا كۆپلىگەن جامائەت قاتناشتى.

ئۇندىن باشقا ئىسا ئالپتېكىن ئائىلىسى تەرىپىدىن بىر نەزىرە بېرىلدى. نەزىرگە قاتناشقان مېھمانلار شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئېنىق قاراشلىرىنى ئىپادە قىلدى. جەمىيەت ۋە ۋەقىپ باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرلىككە چاقىرغان سۆزلىرىنى خەلقىمىز قوللىدى. شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ بىر شەخسىنىڭ ئەمەس ، تۈرك مىللىتىنىڭ داۋاسى ئىكەنلىگى، ئىستىقلالدىن قەتئى ۋاز كېچىلمەيدىغانلىقى تەكىتلەندى. خىزىربەك غەيرەتۇللاھ، ئابدۇۋەلىجان، سېيىت تارانچى، ئەرپولات دۆنمەز، ئەركىن ئالپتېكىن، ھامىت گۆكتۈرك، ئىسمايىل جىنگىز، خالمەمەتلەر سۆزگە چىقتى.

## شەيخۇلمۇھەررىر قاباقلىغا شەرقى تۈركىستان خاتىرىسى

ئەدەبىياتچى، يازغۇچى ئەخمەت قاباقلىغا ئاممۇى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن «شەيخۇلمۇھەررىر » ئۇنۋانى بېرىلدى. زىيالىلار ئوجاغى تەرىپىدىن ئاتا تۈرك كۇلتۇر مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا قاتناشقان شەرقى تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى مەھمەت رىزا بەكىن ۋەقىپ نامىدىن ئەخمەت قاباقلىغا كۆكبايراقلىق خاتىرە پىلاكاتى تەقدىم قىلدى. شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى نامىدىن سۆزگە چىققان خىزىربەك غەيرەتۇللاھ ، قاباقلىنى « تۈرك دۇنياسىنىڭ شەيخۇلمۇھەررىرى » دەپ تەرىپلىدى. جەمىيەت باشقۇرغۇچىلىرى قاباقلىغا شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللى كىيىمىنى سوغا قىلدى.

# « شەرقى تۈركىستانغا هۆررىيەت »

## بەش مىليون كىشىلىك ئىمزا كامپانىيىسى

قەيسەرى مىللەتچى هەرىكەت پارتىيىسى ئىل باشقانلىقى تەرىپىدىن « شەرقى تۈركىستانغا هۆررىيەت » ئىمزا كامپانىيىسى باشلاندى. بەش مىليون كىشىلىك ئىمزا توپلاش مەقسەت قىلىنغان بۇ كامپانىيە 12 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى پۈتۈن تۈركىيە بويىچە رەسمى باشلاندى. بارلىق كىتاپخانىلىرىمىز ۋە دوستلىرىمىزنى ئۆز جايلىرىدا بۇ كامپانىيەگە قوشۇلۇپ ئىمزا توپلاشقا تەكلىپ قىلىمىز. توپلانغان ئىمزا قانۇنى رەسمىيەتلەر بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىنسان هەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا يوللىنىدۇ.

## هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىللى كۆرەش يىغىنى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلدى

شەرقى تۈركىستان ۋەقپى ئوقوغۇچى ـ ياشلار بىرلىگىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەنقەرە تۈرك ئوجاقلىرى شۆبىسى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۈركىيە تىل كومىتىتى يىغىن زالىدا «شەرقى تۈركىستان هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىللى كۆرەش » نامىدا ئىلمى مۇهاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا گېنىرال مەهمەت رىزا بەكىن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. پىروفىسور دوكتور سادىق كامال تۇرال ، دوچانت دوكتور هاجى ياقۇپ يۈسۈفى، دوچانت دوكتور سېما بارۇتچۇ ئۆززۆندەر، ياردەمچى دوچانت دوكتور هولىيا قاساپئوغلۇ ، جالالىدىن باتۇرلار سۆزگە چىقتى. ۋەقپىمىز تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن دوكتور گۈلزادەم تەكرىتاغلى، ياردەمچى دوچانت دوكتور ئەركىن ئەمەت، ياردەمچى دوچانت دوكتور ئالىمجان ئىنايەتلەر ئىلمى ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. ۋەقپىمىز نامىدىن دوچانت ئابدۇلھەكىم ئىلتەبىر « يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىللەتچىلىك » ماقالىسىنى ئوقۇدى. تۈركىيە تۈرك تىل كومىتىتى باشلىقى ئەخمەت بىجان ئەرجىلاسون خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى. يىغىندا سۆزگە چىققانلار ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسى زۇلۇملىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلىدى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللى كۆرەشتىكى رولىغا يوقىرى باها بەردى.

---

# دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى

1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقى تۈركىستانلىق ياشلار ۋەكىللىرى دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزدى.

قۇرۇلتايغا تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى مەھمەت رىزا بەكىن، ئامېرىكا شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق مەركىزى باشلىقى ھۆسەيىن قارى ئىسلامى، ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار ۋەكىلى ئابدۇقادىر ئەھمەت تۈركىستانى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى نۇرمەمەت كەنجى، قازاقىستان ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ۋەكىلى تامارا ئالىباقىيېۋا، تۈركىيە شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. قۇرۇلتايغا يەنە تىبەت، موڭغۇلىستان ۋەكىلى، « تىبەتنى ھىمايە قىلىش گۇرۇپپىسى »، « خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »، « كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، تەيۋەن قاتارلىقلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى ۋە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى.

قۇرۇلتاي تەشكىلى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، 9 ماددىلىق قۇرۇلتاي قارارى ۋە باياناتىنى ئېلان قىلدى. قاراردا « تۈنجى نۆۋەتلىك شەرقى تۈركىستان خەلقارا مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ 11 ماددىلىق قارارىنى قولللاش، شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ كېينكى تەشكىلى ۋۇجۇتقا چىققاندىن كېيىن ئۆزلىگىدىن مىللى قۇرۇلتاي تەركىۋىدىكى « ياشلار قۇرۇلتىيى » غا ئۆزگەرتىش » ماددىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە ئامما 10 - نويابىر كۈنى گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بون شەھرىگە بېرىپ خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈردى.

# ۋەتەننى بىز قۇتۇلدۇرساق

سۇلتان ماھمۇت قەشقىرى

كۆزۈمدىن كەتمىدىڭ بىردەم گۆزەل دىيارىم ھىجرەتتە،
سىنى ياد ئەيلىدىم ھەر چاغ خوشاللىق ياكى كۆلپەتتە،
كوزۇم ھەرگىز ئۇچۇق كەتمەس ساڭا قەرزىم ئادا بولسا،
ئۆتۈپ كەتسە پۈتۈن ئۆمرۈم ساڭا ئەڭ ياخشى خىزمەتتە.

بۇ غايە يولىدا چۈشتۈم ئۇچۇق مەيدانغا جۈرئەتتە،
كۆرەش تۇلپارىنى مىندىم ئۇچارمەن كۆكتە سۈرئەتتە،
دەردىڭگە شىپا تاپماق، سىنى مەلئۇندىن قۇتقازماق،
ماڭا قەرزدۇر، ماڭا ۋاجىپ قەدىرىدان يۇرتۇم ئەلبەتتە.

كوچەيدى قاتمۇ - قات ئىشقىڭ ياقا يۇرتلاردا، غۇربەتتە،
يېتەر بەس! ئۇخلىماق بىزگە هارام ئۇيقۇدا غەپلەتتە،
ۋەتەن ئەۋلاتلىرى لەنەت ئوقار، ھەرگىز ئەپۇ ئەتمەس،
غازاتقا تۇرمىسەك بىز يەڭ يىگى ئىمكاندا، پۇرسەتتە.

ئىستىقلال بىزىۋك نىمەت، تېڭى يوق قەدرى - قىممەتتە،
ئاتالسۇن مال ۋە جانىمىز ۋەتەن ئەركىگە ھىممەتتە،
جاپا، مۇشكۇلگە باش ئەگمەي كۆرەشنى بىز داۋام ئەتسەك،
ئەركىنلىك دىلبىرى كۈلۈپ ئاچار قوينىنى ھۆرمەتتە.

گۆزەل تارىخىمىز ئۆتكەن ئىدى شان بىلەن شەۋكەتتە،
بۇگۈن قىممىتىمىز قالدى چاۋار- چاتقالدا، ئەخلەتتە،
ۋەتەننى بىز قۇتۇلدۇرساق زۇلمەت ئەجدەھاسىدىن،
ياشارمىز ھۆر بەخت ئىچرە سائادەت قوينى دۆلەتتە.

1993 - يىل 11 - ئاي ئالمانىيە ميونىخ

## كەل

ز . ئۇيغۇر

ۋەتەن ئۈچۈن كىم بولساڭ بول،
بۇگۈن چاپسان يېنىمىزغا كەل.
ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆركەشلەردەريا،
بىزنىڭ شۇ ساپ قېنىمىزغا كەل.

خىتاي بەرگەن ئىللەت - ۋەزىپە،
توقۇملارنى چۆرۈپ تاشلا كەل،
ئۆتمۈشىڭنى ئۆزەڭ ئۆلتۈرۈپ،
يېڭىدىن تۇغۇل ئىشنى باشلا كەل.

كىم بولساڭ بول مەيلى بىر دەرۋىش،
مەيلى ئىگىز، پاكار بولساڭ كەل،
مــەيلى بــاي ۋە مــەيلى گاداي،
مەيلى خوجايىن، چاكار بولساڭ كەل.

## پەرۋانە

ن . زۇلپىقــار

ئۇچۇپ كېلىپ كىچىككىنە پەرۋانە،
جان بەردى ئۆزىنى ئۇرۇپ چىراققا،
ئۆلگىنىدە ئىشقى ئۈچۈن مەردانە،
ئەقلىمنى ھەم ئېلىپ كەتتى يىراققا.

يىراقتا ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستان،
قەلبىمدە سېغىنىش قىينايدۇ ھىجران،
قاپلىغاچ ئەتراپىنى زۇلمەت زىمىستان،
ھەسرەت ۋە پىغاندا قاينايدۇ ۋىجدان.

ۋەتىنىم ئىشقىدا مەنمۇ كۆل بولۇپ،
جان بەرسەم قورقۇم يوق كەتسە بارلىغىم،
ئارمىنىم ياشىسا خەلقىم ھۆر بولۇپ،
كۆكتە جەۋلان قىلسا ئۆلۈغ بايرىغىم.

# ئـامـانـدۇرمـەن

**ئابدۇشۈكۈر تەۋفىق**

سېنىڭ بـاشىڭدا ئەغيانلار غەمىڭ بىرلەن مالالدۇرمەن،
كۆرۈڭ ھەريادا دۇشمەن كۆپ تىلىم سۆزسىز قامالدۇرمەن.

بەختىكە مۇپتىلا بولدۇم قاچانكىم ساڭا ئـاشىيانمەن،
دىلىم كۆلگەندە تىل كۆلگەي ساڭا باقى ئوغۇلدۇرمەن.

چىراي كۆر ھالىنى سور دەر ئەزەلدىن بار ئېمىش نەقىل،
ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغاچ ئەجەپ خوشخۇي جامالدۇرمەن.

گويا نۇرسەن يېنىپ تۇرغىن ئوتۇڭنى ھېچ ئۆچۈرمەسمەن،
مـادارىڭ ئىلكىدە بـەختىم مـەگەر پانۇ ماكاندۇرمەن.

مېنىڭ سۆيگۈم سېنىڭ ئىشقىڭ ھاياتقا ئەيلىدىڭ مەنا،
ئەگەر سەنسىز كۈنۈم بولسا پايانىڭدا ساماندۇرمەن.

سېنىڭ قوينۇڭ بېھىش جەننەت ئەقىدەم سەن ئۈچۈن زاتەن،
سېنى كۈيلەپ ئۆلۈپ كەتسەم پۈتەر ئارمان ھالالدۇرمەن.

خىيالىم قۇش كەبى ئۇچسا قاناتى سەن ئۆزەگدۇرسەن،
سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلسەم جەھەننەمدىن ئاماندۇرمەن.

# شائىر ئەمەسمەن

مەمەت ئىمىن پوسما

شائىر ئەمەسمەن ئۆزەم مېنى ئىلھام سابراتقان،
ۋارىسىمەن مەشئەلنىڭ تومۇردا قان قاينىغان.

نامايەندۇر كۆزۈمگە پۈتۈن ئالەم يەر جاھان،
ياشار ھۆر ۋە ئەركىدە ۋەتىنىدە ھەر ئىنسان.

نىمە ئۈچۈن ئەجابا تۆھمەت بىلەن توغرىسەن،
ئېلىمگە قول ئۇزاتقان ھەق تونۇماس ئوغرىسەن.

كىمنىڭ چۈشى يالغاننى ھەر تەرەپكە توشىغان،
ئار - نومۇسنى بىلمەستىن خوشامەتتە ياشىغان.

بۇ دۇنيادا مۇناپىق ، ئۇ دۇنيادا ھەم خائىن،
لەنەتلىنەر ھەرزامان ۋىجدان ساتقان ئۇ ساتقىن.

زارلىماستىم قان قۇسۇپ گۈل شېخىمدىن ئايرىلدى،
ئىنسان ئەمەس ۋەھشىلەر قاناتىمدىن قايرىلدى.

سايرىماستىم پەرياتتا گۈل ياپرىقىم پۈكۈلدى،
قەھرىمان بۇ ئۇيغۇرنىڭ ئەل دەپ قېنى تۆكۈلدى.

دوستۇمغا دوست دۈشمەنگە نەپرەت مىنىڭ ئادىتىم،
بۇ شەرەپنى قوغدىماق مەڭگۈلۈك سائادىتىم.

مەن بۆلگۈنچى ئەمەسمەن بىرلىك مىنىڭ شۇئارىم،
سورىساڭ شەرەپ نامىم - تۈركىستاندۇر دىيارىم.

ئەيزە قىلىپ كۆزۈڭگە ئالدىم قولغا قەلەمنى ،
ھارماي - تالماي يازىمەن جانغا پاتقان ئەلەمنى.

ئەرك ئۈچۈن زۇلۇمغا ئوت ئاچارمەن ھەر سەپتە ،
ئەۋلات بۇگۈن ئويغاندى ئۇخلاپ ياتماس غەپلەتتە .

بۇر كۆت كەبى كۆكتەمەن ئۇۋلايمەن چىل بۆرىنى،
تۇگەتمەككە قەسەمياد چوبانىمنىڭ دەردىنى.

يەريۈزىدىن يۇلىمىز زاۋال تاپقان تىكەننى،
چىقارماق چۈن جان پىدا ئازاتلىققا ۋەتەننى.











يغنندا شەرقى تۈركستان هۈرريتى مەركزى تېما






II.Uluslararası Doğu Türkistan Kültür ve
Tarih Sempozyumu'ndan iki görünüş

# DOĞU TÜRKİSTAN'IN SESİ

صوت تركستان الشرقية

Voice of Eastern Turkistan





DOĞU TÜRKİSTAN VAKFI YAYINI
3 AYLIK İLMÎ VE KÜLTÜREL
DERGİ

YIL : 13 SAYI : 49-50
1996